# ھىجرەت ۋە تەييارلىق



# الهجرة و الإعدادية

شەھىد ئابدۇللاھ ئەززام

( پەلەستىن)

# ھىجرەت ۋە تەييارلىق

# الهجرة و الإعدادية

## الإمام الشهيد عبدالله عزّام

## شەھىد ئابدۇللاھ ئەززام

# مۇندەرىجە

مۇجاھىدلار ئۇستازى، شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ تەرجىمىھالى........................................ 5
شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ جىھادى-ھەرىكەتلىرى........................................ 13
شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام نىڭ شەھىد بولۇشى................ 18
«شەپقەتلىك اللهنىڭ ئافغانىستاندىكى مۆجىزىلىرى» ناملىق كىتابتىن تاللانمىلار:........................................ 21
جەڭ مەيدانىدا يۈز بەرگەن مۆجىزىلەر........................ 25
قۇشلارمۇ مۇجاھىدلار بىلەن بىر سەپتە................ 32
ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ ئەخلاق پرىنسىپلىرى................ 33
ئۇ قاتناشقان مۇھىم ئۇرۇشلار........................ 35
ئۇنىڭ جىھادى........................................ 36
شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ سۆزلىرى........................ 38
ئالىملارنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە دېگەن بايانلىرى................ 39
شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ نەسىھەتلىرى .......... 40
شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ بارلىق مۇسۇلمانلارغا قىلغان نەسىھەتلىرى........................................ 52
شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ ئىسلام دەۋەتچىلىرىگە قىلغان نەسىھەتلىرى........................................ 52
ئى دەۋەتچىلەر!........................................ 53
ئى ئىسلام دەۋەتچىلىرى!........................................ 58
ئى ئىسلام ئۆلىمالىرى!........................................ 59
ئى مۇسۇلمانلار! ........................................ 59

ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ مۇسۇلمان ئاياللارغا قىلغان
نەسىھەتلىرى ................................................ 61
ئى ئاياللار گۇرۇھى !................................ 61
ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ باللارغا قىلغان
نەسىھەتلىرى ................................................ 62
ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ سەبىرچان ئايالىغا قىلغان
نەسىھەتلىرى ................................................ 62
ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ باللىرىغا قىلغان
نەسىھەتلىرى ................................................ 64
ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ جىھادى ھەرىكەتلەرگە
قوماندانلىق قىلىش ئورگىنىدىكى مۇجاھىدلارغا
قىلغان نەسىھەتلىرى................................... 67
ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ جىھاد مەيدانىدىكى ھەرقايسى
جامائەتلەرگە قىلغان نەسىھەتلىرى ................. 68
كىرىش سۆز.................................................. 70
ھىجرەت ۋە جىھاد ......................................... 78
شەرتسىز ئىككى پەرز ................................... 82
ئىككىنچى خۇتبە............................................ 90
ئىرادىنى چىڭىتىش، بەلنى چىڭ باغلاش................ 95
ئىمان، ھىجرەت، جىھاد ................................ 100
ئىككى ھىجرەت ............................................ 105
خوش بېشارەتلەر .......................................... 127
ئىككىنچى خۇتبە ........................................... 132
ھىجرەت ۋە تەييارلىق ھەققىدە(1)................... 140
جىھاد دېمەك ئۇرۇش دېمەكتۇر......................... 142

ئۇرۇش مەيدانىدىكى ئاجايىپ ئۆلگىلەر ............ 146
سىلىشتۇرما ............................... 153
جىھاد باسقۇچلىرى ......................... 159
ئۆز قەلبىڭگە دىققەت قىل ..................... 161
ھىجرەت مۇشەققەتلىرى ......................... 166
ئەسلىمىلەر.......................................... 174
ھىجرەت ۋە تەييارلىق .................................. 185
ساھابىلەرنىڭ ھىجرىتى............................ 189
شەيتانىنىڭ قارشىلىقى ................................ 195
ھىجرەت ۋە ئۇنى چۈشىنىش ......................... 216
ھىجرەتنىڭ تۈرلىرى.................................. 218
تەييارلىق ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى .......................... 259
پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن ............ 264
جىھادتىكى ئات...................................... 269
تەييارلىقنى چۈشىنىش .................................. 272
ئىتائەت ۋە ئاسىيلىقنىڭ تەسىرى ...................... 276
ئاجايىپ كارامەتلەر.................................... 280
ھەر قانداق ۋاقىتتا اللەنى ئەسلەش....................... 286
جىھادنىڭ ئورنى .......................................... 291
ھەققانىيەت جەۋھەرلىرى .............................. 302
خاتىمە .................................................. 304

# مۇجاھىدلار ئۇستازى، شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ تەرجىمىھالى

ھازىرقى زامان جىھاد ھەرىكىتى ۋە مۇجاھىدلارنىڭ ئەڭ چوڭ يولباشچىسى، كاتتا ئالىم، فەقىھ ، دوكتور، شەھىد ئابدۇللاھ ئەززام ئەڭ كاتتا مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ «ئافغانىستان جىھادىي ھەرىكىتى» نىڭ باش قوماندانى ھەمدە مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ غۇللۇق ئەزالىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ھازىرقى زامان ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئاساسچىلىرىنىڭ بىرى ھەمدە يېقىنقى زاماندىكى ئىسلام دۇنياسىدىكى قورallىق جىھادىي ھەرىكەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئاساس سالغان يادرولۇق شەخسلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيەۋى ـ تەلىم - تەربىيە مەكتىپى ۋە ھەربىي بازىسىنى قۇرۇپ چىققان؛ ئەڭ چوڭ ئەمەلىيەتچان ئىسلام دەۋەتچىسى ئىدى.



شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ قۇرئان ـ ھەدىسنىڭ يولى بويىچە پۇتكۈل دۇنيادىكى جىھادى ھەرىكەتلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەش ھەمدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن قورallىق

مۇسۇلمان شەخسلەرنى تەربىيەلەپ سەپكە قوشۇش ئۈچۈن ئەمەلى ئۇسلۇبلارنى بىنا قىلىشتىكى دانالىقى، ئافغانىستاندا سەۋەت ئىتتىپاقى ئىشغالىيەتچىلىرىگە قارشى ئۇرۇش داۋامىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان ئىدى.

ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ئابدۇللاھ يۇسۇپ ئەززام (**عبد الله يوسف عَزّام**) بولۇپ، ئۇ 1941-يىلى پەلەستىندىكى سىيلەتۇل ھارىسىيە كەنتىدە تۇغۇلغان؛ ئۇ كەنتتە ئىسلامى ئائىلىدە سالماق – تەمكىن، مېھرىبان دادىسى يۇسۇپ ئەززامنىڭ قولىدا تەربىيەلەنگەن ئىدى. ئۇ كەنتىدىكى باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردى . تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇشنى جەنىين تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە باشلىدى. ئۇ بۇ مەكتەپتە ئۇزۇن تۇرمايلا تۈلكەرىم شەھرىدىكى خۇزۇرى يېزا ئىگىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇش باشلىدى ھەمدە 1959-يىلى بۇ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى.

شەھىد ئابدۇللاھ ئەززام كىچىكىدىن باشلاپلا ھەرقايسى شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدا چېپىپ يۈرەتتى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى يەھۇدىيلار نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ سۈيقەستلىرى ئارقىلىق بۇلاپ كەتكەن مەرجى ئىبنى ئامىر تۈزلەڭلىكلىرىگە ئۇزۇندىن ئۇزۇن نەزەر سالاتتى...

ئۇ ئۆزىنىڭ تەۋرەنمەس ئىمانى تەييارلىقنى باشلىدى.. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا نامازلىرىنى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىپ، ۋاقتىدا ئادا قىلاتتى، دائىم قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ تۇراتتى،

شۇنىڭدەك، كەنتتىكى مەسجىدگە بېرىشنى دائىم قولدىن بەرمەيتتى.

شەھىد ئابدۇللاھ ئەززام بالاغەتكە يەتكەن كۈندىن باشلاپلا سىيلەتۇل ھارىسىيە كەنتىدە ئۇستاز شەفىق ئەسئەد يېنىدىن ئايرىلمىدى. كەنتتىكى باللارنىڭ ھەممىسى ئاساسەن ئۇستاز شەفىق ئەسئەدنىڭ قولىدا تەربىيەلىنەتتى. ئۇ ئۇلارنى مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ دەۋەت پىرىنسىپلىرى، ئىدىيە-ئەخلاقلىرى بىلەن تەربىيەلەيتتى. شەھىد ئابدۇللاھ ئەززام كەنتتىكى دەۋەتچىلەرنىڭ تۇنجىسى ئىدى.

شەھىد ئابدۇللاھ ئەززام «جەنىين» شەھرىدە دەۋەتچى، تەربىيەچى شەيخ فەرىز جىرار بىلەن تونۇشقان ئىدى. شەيخ فەرىز جىرار ۋە ئۇستاز شەفىق ئەسئەد ئاشۇ ۋاقىتتا ياشلارنى تەربىيەلەيدىغان ئەڭ ئاكتىپ دەۋەتچىلەردىن بولۇپ «جەنىين» شەھرىدىكى جامائەت مەركىزىدە لېكسىيە ۋە يىغىلىشلارغا ئەڭ كۆپ قاتنىشىدىغان كىشىلەردىن ئىدى.

شەھىد ئابدۇللاھ ئەززام جامائەت مەركەزلىرىنى كۆپلەپ زىيارەت قىلىشقا ۋە شەيخ فەرىز جىرار باشچىلىق قىلىدىغان يىغىلىش ۋە كېڭەشلەرگە قاتنىششقا باشلىدى. ئۇ بۇ ئۇچرىششلارغا ئاكتىپ قاتنىشىدىغان ياشلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئۇ شەيخ فەرىز جىرار بىلەن بىرگە نۇرغۇن ساھەلەردە ھەمسۆھبەتتە بولاتتى.

شەھىد ئابدۇللاھ ئەززام تۇلكەرىم شەھرىدىكى خۇزۇرى يېزا ئىگىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشىپ، ئىيوردانىيەنىڭ جەنۇبىدىكى كەرىك رايونى ئەدەر كەنتىدە ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلەندى. ئۇ بۇ يەردە بىر يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغاندىن كېيىن«جەنىين» شەھرىگە يېقىن بەرقىين تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپكە يۆتكەلدى.

شەھىد ئابدۇللاھ ئەززام دەۋەت سېپىدىكى ئىككى قېرىندىشى بىلەن بىرگە تەشكىلات ياتىقىدا تۇرغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭغا تۈرلۈك ئىدىيەۋى ھەرىكەتلەر، تەلىم-تەربىيە ھەرىكەتلىرى، تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرى... قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەردە تەربىيەلىنىشكە ياخشى پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بەرگەن ئىدى.

شۇنىڭدەك، ئۇ يەنە نۇرغۇنلىغان دەۋەت ھەققىدىكى كىتابلارنى كۆرۈپ چىقتى، بولۇپمۇ ھەسەنۇل بەننا، ئابدۇل قادىر ئەۋدە، سەييىد قۇتۇپ ، مۇھەممەد قۇتۇپ قاتارلىق ئالىملارنىڭ دەۋەت ھەققىدىكى كىتابلىرىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، شەھىد ئابدۇللاھ ئەززام دەمەشىق ئونىۋېرسىتېتى شەرىئەت فاكۇلتېتىدا ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ دەمەشىق ئونىۋېرسىتېتىنى 1966-يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، ئىسلام شەرىئىتى بويىچە باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئۇ دەمەشىقتە بىر قىسىم شام ئۆلىمالىرى

بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇلاردىن بىلىم ئالدى ۋە ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولدى.



شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ مۇھەممەد، ئىبراھىم، ھۇزەيفە، ھەمزە، مۇسئەب قاتارلىق بەش ئوغلى، فاتىمە، ۋەفا، سۇمەييە قاتارلىقلار ئۈچ قىزى بار.

شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ ئوغلى مۇھەممەد 20 يېشىدا دادىسى بىلەن بىرگە شەھىد بولۇپ رەببىنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى.

شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ يەنە بىر ئوغلى ئىبراھىمۇ ئون بەش يېشىدا شەھىد بولدى.

1967-يىلى غەربى قىرغاق ۋە گازا رايۇنى قولدىن كەتكەندىن كېيىن يەھۇدىيلار سىيلەتۇل ھارىسيە كەنتىگە بېسىپ كىردى. شەھىد ئابدۇللاھ ئەززام كەنتتىكى بىر قىسىم ياشلار بىلەن بىرگە ئىسرائىلىيە تانكىلىرىغا قارشى تۇماقچى بولدى. بىراق، كەنت ئەھلى ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ ئۇلارنى بۇ نىيىتىدىن ياندۇردى. چۈنكى ئۇلار قۇرۇق قول بولغاچقا ئىسرائىلىيە تانكىلىرىغا كۈچى يەتمەيتتى.

شەھىد ئابدۇللاھ ئەززام كەنتتىكى بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن پىيادە يول يۈرۈپ ئىئوردانىيەگە چىقىپ كەتتى، لېكىن ، ئۇنىڭ ئۆز شەھرىدىن چىقىپ كېتىشى ئۇنىڭ الله يولىدا جىھاد قىلىش ئىرادىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئېڭىدا يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ھەربىي تەلىم ــ تەربىيە ئېلىش ئىدىيەسى پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

شەھىد ئابدۇللاھ ئەززام ئىسلامى جىھادى ھەرىكەتلەرنى تەشكىللىگەن ئالدىنقى قاتاردىكى يولباشچى قوماندانلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ جىھادى ھەرىكىتىنىڭ باشلانغان ۋاقتى ماگىستىرلىقتا ئوقۇش ئۈچۈن مىسىردىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرستىتى ئۇسۇل فىقھى فاكۇلتېتىغا كىرگەن ۋاقتقا توغرا كېلىدۇ .

شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام 1966-يىلى ئەزھەر ئونۋرستتى تەرپىدىن ئۇسۇل فىقھى ئىلمى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام ئاشۇ ۋاقىتتا بىر قانچە قېتىم ئىسلامى جىھادى ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان ئىدى. بۇ جىھادى ھەرىكەتلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇر بولغىنى 1969-يىلدىكى يېشىل بەلباغ ئۇرۇشى ۋە 1970-يىلدىكى 5- ئىيۇل ئۇرۇشى ئىدى.

بۇ ئۇرۇشتا نۇرغۇنلىغان يەھۇدىيلار قەتلى قىلىنغان ئىدى، لېكىن ، ئىسلامى ھەرىكەت ياشلىرى بۇ ھەرىكەتنى ئۆزلىرىنىڭ قىلغانلىقىنى جاكارلىمىدى، چۈنكى ئۇلار الله يولىدا

جىھاد قىلغان ئىدىكى ھەرگىزمۇ خەلقىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن جىھاد قىلمىغان ئىدى.




شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام 1971-يىلى مىسىرغا باردى. ئۇ 1973-يىلى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتىتى تەرىپىدىن دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئۇ مىسىردا مىسىر ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ سىقىشىغا قارىماستىن، مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ تۈرمىگە قامالغان ئەزالىرىنىڭ ئائىلىسىگە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت يەنە بىر جىھادى ۋەزىپىنى تاپقان ئىدى.

شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام ئىئوردانىيەگە قايتقان ۋاقتىتا، ئەۋقاف مىنىستىرلىكى ئاخبارات بۆلۈمىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىدى. ئۇنىڭ مەسجىدلەرنى جانلاندۇرۇش ھەمدە ۋەز-نەسىھەت قىلىشتا ئارتۇقچىلىقى بار ئىدى. ئۇ بۇ بۆلۈمنى دەۋەتكە قادىر بولىدىغان ياشلارنىڭ كۈچى بىلەن جانلاندۇردى ھەمدە ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن تەشۋىقاتلارنى تارقاتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام 1973-دىن 1980-يىلىغىچە بولغان يەتتە يىل جەريانىدا ئىيوردانىيە ئۇنىۋېرسىتېتى شەرئەت فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا دەۋەت ۋە ئوقۇتۇش ساھەسىدە تەڭ خىزمەت قىلدى. ئۇنىڭ اللەغا دەۋەت قىلىشتىكى يولى ۋە

ئۇسۇلى ئالاھىدە ئىدى، شۇڭا ئۇنىۋېرسىتېت سىرتىدىكى نۇرغۇنلىغان ياشلار شەيخنىڭ لېكسىيەسىگە قاتنىشىشقا قىزىقاتتى. شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام دەۋەت جەريانىدا قىز ۋە ئوغۇللارنىڭ تۇرىدىغان ئورنىنى ئايرىم ئورۇنلاشتۇراتتى.

شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام بۇ ئارىلىقتا مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ يولى ئارقىلىق دائىم پەلەستىندىكى ئىسلام قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى خاماس تەشكىلاتى بىلەن ئىزچىل ئالاقىلىشىپ تۇرغان ئىدى، چۈنكى مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىدىكىلەر جىھاد خەۋەرلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى.

شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام پەلەستىنگە كىرىش ئىجازەتنامىسى بار بولغان ۋە پەلەستىنگە بارالايدىغان ياشلارنى تولۇق تەييارلىق قىلدۇرۇپ، پەلەستىنگە ئەۋەتتى ھەمدە ئۇلارغا پەلەستىندە قىلىپ، ئۇ يەردىكى مۇجاھىدلارغا قوشۇلۇشقا نەسىھەت قىلاتتى.

شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام نۇرغۇنلىغان ئەرەب شەھەرلىرى ئارىسىدا قاتراپ يۈرۈپ پەلەستىندىكى جىھاد ھەرىكىتى ئۈچۈن ماددىي ياردەم توپلايتتى. ئۇ پەيغەمبەر ( **صلى الله عليه وسلم** ) كېچىدە سەپەر قىلغان مۇبارەك ئورۇن (بەيتۇل مۇقەددەس) نى ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئۆزىگە پەلەستىندە جىھاد قىلىشقا يول ھازىرلاپ بېرىشى ئۈچۈن دائىم اللهغا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلاتتى.

شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام ئاكتىپ، پائالىيەتچان كىشى بولۇپ، ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ھەرقايسى پاكۇلتېتلىرىدىكى قىز-ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا توغرا ئىسلام ئىدىيەسىنى تارقىتاتتى. ئۇ 1981-يىلى جىددىدىكى پادىشاھ ئابدۇل ئەزىز ئۇنىۋېرستېتىدا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن سەئۇدى ئەرەبىستانغا سەپەر قىلدى، بىر مەزگىلدىن كېيىن شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام ئافغانىستان جىھادىدىن سەل بۇرۇن، پاكىستاننىڭ پايتەختى ئىسلام ئابادتىكى ئىسلام ئۇنىۋېرستېدا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىندى.



شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام ئافغانىستان مۇجاھىدلىرى بىلەن يېقىنلاشقان ۋاقتىتا، ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتتىكى ئەڭ چوڭ نىشانىغا يەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى، ئۇ « ئافغانىستان مۇجاھىدلىرى » ھەققىدە : « مانا بۇ كىشىلەر مەن ئۇزۇندىن بىرى ئىزدەۋاتقان كىشىلەر...)- دېدى

## شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ جىھادى-ھەرىكەتلىرى

شەيىخ ئابدۇللاھ ئەززام 1982-يىلى جىھاد قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئەرەب ياشلىرى بىلەن ئافغانىستاندا جىھادى

ھەرىكىتىنى باشلىدى. ئۇ 1984-يىلى "مۇجاھىدلارغا خىزمەت قىلىش ئورنى" نى تەسىس قىلىپ شۇ ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولدى. بۇ ئورگان ئافغانىستان ھەرىكىتىدىكى جىھادى ھەرىكەتلەرگە ياردەم بېرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا ئايلاندى.




مانا بۇ "مۇجاھىدلارغا خىزمەت قىلىش ئورگىنى" نىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى تۆۋەندىكىچە:

ئافغانىستاندىكى ئىسلامى جىھاد ھەرىكەتلىرىنى خەلقئارالىق جىھاد ھەرىكەتلىرىگە ئۆزگەرتىش؛

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنى بۇ مۇبارەك جىھادقا قاتنىشىشقا دەۋەت قىلىش؛

مەسجىدلەردە خۇتبە سۆزلەش، جىھادقا قىزىقتۇرىدىغان خاس لېكسىيەلەرنى سۆزلەش، ئافغانلارنىڭ (ئالىيجاناب ئېسىل كىشىلەر) ئىكەنلىكىنى پۈتكۈل ئالەمگە نامايان قىلىش ھەمدە مانا بۇ ئافغان مۇجاھىدلىرىنىڭ باتۇرلۇقىنى ئەڭ گۈزەل سۈرەتتە تەسۋىرلەپ بېرىش ؛

جىھاد ژۇرنىلى ۋە ئىسلامى ئۇرۇش يالقۇنلىرىنى تارقىتىش، شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام پاكىستاندا نەشر قىلغان

كىتابلار، تەشۋىقاتلار ئارقىلىق جىھاد مەسىلىسىنى تونۇشتۇرۇش...

تەلىم-تەربىيە ساھەسىدە: جىھاد قوماندانلىرىنى مەشقلەندۇرىدىغان ھەربىي مەشىق لاگىرىنى قۇرۇپ چىقىش، گەمىلەردە مەكتەپلەرنى ئېچىش، ئۇرۇش زېمىندا تەلىم-تەربىيە مەركەزلىرىنى قۇرۇپ چىقىش، زەمبىرەك ئاۋازى ئاستىدا قۇرئان كەرىم باسمىخانىلىرىنى ئېچىش ۋە كىتابلارنى بېسىش.. قاتارلىق ئىشلارنى قىلدى. 1988-يىلى 1400دانە قۇرئان كەرىم بېسىلغان بولۇپ كۆپىنچىسى ئافغانىستاندىكى مەكتەپلەرگە تارقىتىپ بېرىلدى .

مۇجاھىدلارغا ئوزۇق –تۈلۈك تەييارلاش ۋە ئۇلارنى يولغا سېلىش ھەمدە ئالدىنقى سەپتىكىلەرنى قورال-ياراقلار بىلەن تەمىنلەش ...

ئۇرۇشتا شەھىد بولغانلارغا ۋە يارىلانغانلارغا كۆڭۈل بۆلۈش: يەنى بۇ ئورگان ئافغانىستاندا بەش دوختۇرخانا قۇرۇپ چىقتى. ( يەنى: جاجى ، تۇخار، غەزنى، فارياب ، بەنجەشىر) قاتارلىق بەش جايدا دوختۇرخانا بىنا قۇرۇپ چىقتى. مەككە-مۇكەررەم دوختۇرخانىسى ۋە مەركىزى تەجرىبىخانا ۋە يەرلىك ئۇسۇلدا كېسەل كۆرۈش ئورۇنلىرىنى قۇرۇپ چىقتى... قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەرگە تەڭ كۆڭۈل بۆلدى.)

شەھىدلەرنىڭ ئەۋلادلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش: بۇ ئورگان ئافغانىستاندا «يېتىم بالىلار ۋە تۇل ئاياللارغا غەمخورلۇق

قىلىش ئورگىنى» ۋە يېتىملار پاراۋانلىق مەركىزى تەسىس قىلدى.

ئافغان مۇجاھىدلىرىنىڭ قېرىنداشلىق روھىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش...

بارلىق جىھادى كۈچلەرنى ئىسلام روھى بىلەن تاۋلاپ چىقىش...

پەتىۋا چىقىرىش ئۈچۈن ئۆلىمالار ئورگىنى تەسىس قىلىش ۋە مۇجاھىدلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇش ۋە بۇزۇق پىكىرلەرگە رەددىيە بېرىش ... قاتارلىق نۇرغۇنلىغان تەرەپلەرگە تەڭ كۆڭۈل بۆلدى.



شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام مانا بۇ ئىشلارنى قىلىشتا بارلىق جامائەتنىڭ ئالدىدا ئۈلگە بولۇپ ماڭغان ئىدى.

شەيخ ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ دەۋەت ۋە جىھاد توغرىسىدىكى ئەڭ مەشھۇر سۆزلىرى تۆۋەندىكىچە:

شۈبھىسىزكى، ھەقىقي باتۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرى بىلەن ئۆز ئۈممىتىنىڭ تارىخىنى يېزىپ چىقىدۇ ھەمدە

ئۆزلىرىنىڭ جەسەتلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك شانۇ-شەۋكىتىنى نامايان قىلىدۇ.

مەن شۇنى كۆردۇمكى، ئۇممەت ھاياتىنى ھالاكەتكە ئۇچرىتىدىغان ئەڭ خەتەرلىك كېسەل باياشاتلىق بولۇپ، ئۇ ئۇممەتنىڭ ھاياتىدىكى باتۇرلۇقنى ئۆلتۈرىدۇ، ئىنساندىكى ئەركەكلىك غۇرۇرىنى يوقىتىدۇ، غەيرەت-شىجائەتنى ئۆلتۈرۈپ، ئادەمگەرچىلىكنى يوقىتىدۇ.

الله يولىدا جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ھاياتىنىڭ زۆرۈر بىر قىسمىدۇر. چۈنكى ئۇ تاغۇتلارنىڭ ئۇممەتلەرنى قورقۇتۇش ۋەھىمىسىدىن ئازاد قىلىدۇ. ئىسلام ئۇممىتىنىڭ بىناسى پەقەت شىر يۈرەك ئەزىمەتلەر جانلىرىنى پىدا قىلىش ئارقىلىقلا قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ.



شەھىدلەر ئۇممەتلەرنىڭ تارىخىنى يازىدۇ، چۈنكى ئۇممەتلەرنىڭ تارىخى قان-تەر بىلەن يېزىلىدۇ. شەھىدلەر بۇ دىنىنىڭ دەرىخىنى قۇرۇپ كېتىشتىن مۇھاپىزەت قىلىدۇ، چۈنكى، بۇ دىنىنىڭ دەرىخى قان بىلەن سۇغىرىلىدۇ.

مۇسۇلمانلار الله يولىدا جىهاد قىلغاندىلا ھەممىدىن ئەزىز بولىدۇ. بىز ئۆلۈمنى ھاياتلىق يولى قىلىپ تاللىدۇق...

## شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام نىڭ شەھىد بولۇشى

شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام پاكىستاننىڭ پىشاۋۇر شەھرىدە شەھىد بولدى. ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى



ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىدى. نەتىجىدە ئۇ ھىجرىيە -يىلى رەبىيەلئاخىر ئېيىنىڭ 26-كۈنى(مىلادىيە 1989-يىلى 11-ئاينىڭ 24-كۈنى )جۈمە نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا، ئىككى ئوغلى مۇھەممەد ۋە ئىبراھىم بىلەن بىرگە شەھىد بولدى. مەرھۇم شەھىد بولغان كۈنى دەپنە قىلىندى. مېيىت ئۈزاتقۇچىلار ئۇنىڭ پاك قېنىدىن چىققان ئىپارنىڭ پۇرىقىنى پۇرىغان ئىكەن؛ ئۇ 20 كىلوگىراملىق پارتلاتقۇچ دورا بىلەن پارتىلىتىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ جەستى بۇزۇلۇپ كېتىشتىن ساق قالغانلىقى بايقالغان، ھالبۇكى ماشىنا پارچىلىرى ھاۋادا چېچىلىپ كەتكەن ئىدى.

شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام ئىسلامى جىهاد ھەرىكەتلىرىدە مول تەجرىبىگە ئىگە تەجرىبىلىك قوماندان بولۇپ بۇ تەجربە

_ساۋاقلار ئارقىلىق جىھادى ھەرىكەتلەردە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى.



مەرھۇم نەشرىياتتا بېسىپ تارقىتىلغان بىر قانچە كىتابلىرىدىن سىرت، نۇرغۇنلىغان كىتاب، لېكسىيە ۋە گېزىت-ژۇرنال ماقالىلىرى، جۈمە خۇتبىلىرىدىن ئىبارەت ئىزنالارنى قالدۇرۇپ كەتتى.

ئۇ كىينىكى ئەۋلادلارغا روھى ئوزۇق بولۇشى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ مىراسلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئابدۇللاھ ئەززام پەقەت قىلىچى بىلەنلا جىھاد قىلغان ئەمەس، بەلكى قەلىمى بىلەنمۇ جىھاد قىلغان بولۇپ ئۇ قۇرئان-ھەدىسنى ھاياتىدا ئەملى تەتبىقلىغان ھەمدە جىھاد ئايەتلىرىنى ئەملى مەيدانلاردا رېئال تەتبىقلىغان ئىدى.

ئۇنىڭ كىتابلىرى تۆۋەندىكىچە:

1.ئەقىدە ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشتىكى تەسىرى.

2.ئىسلام ۋە ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسى.

3.قىزىل راك.

4.شەپقەتلىك اللەنىڭ ئافغانىستاندىكى مۆجىزىلىرى.

5.يوقالغان مۇنار

6.مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنلىرىنى قوغداش ئەڭ مۇھىم پەرز ئەيىن.

7.كارۋانغا قوشۇلۇڭ!

8.جىھاد ھەققىدىكى ئەدەپ-ئەخلاقلار ۋە ئەھكاملار.

9.ھازىرقى زامان جىھادى ھەرىكەتلەردىكى تەجرىبە -ساۋاقلار ۋە ئىبرەتلەر.

10.مۇسۇلمانلارنىڭ جىھادى ھەرىكەتلىرى

11.كۆزنىڭ خۇرسەنلىكى

12.خاماس (تارىخى ئاساس ۋە ئەھدىنامە)

13.جەھەننەمنىڭ تۇنجى يولى ھەققىدە بىر قانچە كەلىمە سۆزلەر (1-قىسىم)

14.بىر مۇئمىن جاننى ناھەق ئۆلتۈرۈشنىڭ جىنايىتى.

15.ئۇرۇش دېگىزلىرىدا. (ئۈچ قىسىملىق)

16. سانى300 قىسىمدىن ئاشىدىغان لېنتىغا ئېلىنغان ئاۋازلىق (mp3)لېكسىيەلەر توپلىمى.

17.سانى 50قىسىمدىن ئاشىدىغان سۈرەتلىك فىلىم(mp4) لېكسىيەلەر توپلىمى.

18. نۇرغۇنلىغان چەتئەل ۋە ئەرەب شەھەرلىرىنى ئايلىنىش جەريانىدا جىھاد ئۈچۈن سۆزلىگەن نەچچە ئونلىغان لېكسىيەلەر توپلىمى.

19.شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام نۇرغۇنلىغان گېزىت -ژۇرناللاردا يازغان، بولۇپمۇ پىشاۋۇردا نەشر قىلىپ تارقاتقان "جىھاد" ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان ئىسلامى جىھاد يالقۇنلىرىنى تارقىتىش توغرىسىدا يازغان نەچچە يۈز پارچە ماقالىلەر ۋە شەيخنىڭ تېخى نەشر قىلىنمىغان نۇرغۇنلىغان كىتابلىرى بار ئىدى.

«شەپقەتلىك اللەنىڭ ئافغانىستاندىكى مۆجىزىلىرى» ناملىق كىتابتىن تاللانمىلار:

ماڭا ئىسلامى جىھاد جامائىتىنىڭ قوماندانى ئۆمەر ھەنىيف نەسرۇللاھ مەنسۇرنىڭ ئۆيىدە بىر ۋەقەلىكنى سۆزلەپ بەردى. ئۆمەر ـ بۇ قوماندانىنىڭ ھەقىقىي ئىسمى مۇھەممەد بولۇپ، ئۇ

ئافغانىستاننى مۇھاپىزەت قىلىدىغان زەرمەت ئەرجۇن رايوندىكى ھەربىي لاگېرنىڭ قوماندانى ئىدى.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن جەستى ئۆزگىرىپ كەتكەن ياكى سېسىپ پۇراپ كەتكەن بىرمۇ شەھىدنى كۆرمىدىم.



رۇسىيە كوممۇنىستلىرىنى ئىتلار يەۋەتكەن بولسىمۇ، بىراق، مەن بىرمۇ شەھىدنى ئىت چىشلىگەنلىكىنى كۆرمىدىم.

مەن شەھىد بولغىلى ئىككى ياكى ئۈچ يىل بولغان شەھىدلەرنىڭ قەبرىسىنى ئاچتىم، جەستى ئۆزگىرىپ سېسىق پۇراپ قالغان بىرمۇ شەھىدنى ئۇچراتمىدىم.

مەن شەھىد بولغىلى بىر يىلدىن كۆپ بولغان بىر شەھىدنىڭ جاراھەتلەنگەن يېرىدىن قان ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

ماڭا ئىمام مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: مەن شەھىد ئابدۇل مەجىد مۇھەممەد قەتلى قىلىنىپ ئۈچ ئايدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ پۇرىقىنىڭ ئىپارنىڭ پۇرىقىدەك پۇراپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

ماڭا ئابدۇل مەجىد ھاجىي مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: مەن لايكى كەنتى مەسجىدىنىڭ ئىمامى شەھىد بولۇپ يەتتە

ئايدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ھازىر ۋاپات بولغاندەك تۇرغانلىقىنى كۆردۇم.

ماۋا جىھاد ئىشلىرىنى كېڭەشىش مەجلىسىنىڭ ئەزاسى شەيخ مۇئەززىن مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: شەھىد نەسار ئەھمەد توپا تېگىدە يەتتە ئاي تۇردى، لېكىن ، جەستى ئۆزگىرىپ كەتمىگەن ئىدى.

ماۋا ئابدۇل جاببار نىيازىي مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: مەن شەھىد بولغىلى ئۈچ_ تۆت ئاي بولغان تۆت شەھىدنى كۆردۇم، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۈچىنىڭ بۇرۇنقىدەكلا چاچ-ساقاللىرى ۋە تىرناقلىرى ئۆسۈپ تۇرۇپتۇ. ئەمما تۆتىنچىسىنىڭ بولسا يۈزىنىڭ بىر قىسمى ئازراق بۇزۇلۇپتۇ. ۋە يەنە قېرىندىشىم ئابدۇ سالام شەھىد بولۇپ يەتتە ئايدىن كېيىن بىز ئۇنى قەبرىدىن چىقاردۇق، ئۇ شۇ پېتى تۇرۇپتۇ.

ماۋا ئارسلان مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: تالىبۇل ئىلىم ئابدۇل بەسىير شەھىد بولدى. مەن فەتھۇللاھ ئىسىملىك بىر مۇجاھىد بىلەن قاراڭغۇدا ئۇنى ئىزدەپ كەلدىم. فەتھۇللاھ ماۋا بىز شەھىدكە يېقىنلاپ قاپتۇق، چۈنكى مەن تولىمۇ ياخشى بىر خۇشپۇراقنى پۇراۋاتىمەن دېدى . مەنمۇ شۇ پۇراقنى پۇراشقا باشلىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىز ئاشۇ پۇراققا ئەگىشىپ ھېلىقى شەھىدنىڭ قېشىغا يېتىپ باردۇق. مەن قاراڭغۇدا ئۇنىڭ جاراھىتىدىن چىقىۋاتقان قانىنىڭ رەڭگىنى نۇردەك جۇلالاۋاتقانلىقىنى كۆردۇم.

ئارسلاننى ئۇيغۇ باستى... ماڭا مەۋلەۋى ئارسلان مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: مەۋلەۋى ئارسلان شاھىت كو ئۇرۇشى داۋامىدا ئون مىنۇت ئۇخلاپ قالدى، بىزنىڭ ئۇستىمىزگە ھەممە تەرەپتىن بومبىلار چۈشمەكتە ئىدى.

ماڭا ئابدۇ رەھمان مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: دەبكى ئۇرۇشىدا بىزگە تانكىلار ھۇجۇم قىلدى، بىزگە ھۇجۇم قىلغان تانكىلار ۋە قورالالارنىڭ سانى 150دىن 200گىچە بولغان ئارىلىقتا ئىدى. ئۇستىمىزگە چۈشۈۋاتقان بومبىلارنىڭ كۆپلىكىدىن مۇجاھىدلار ئىككى ياكى ئۈچ كۈن ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمىغان ئىدى. ئۇرۇش داۋامىدا بىزنى ئۇيغۇ باستى، بىز ناھايىتى خاتىرجەم ئۇخلىدۇق. مۇجاھىدلارنىڭ بىرى بىر تانكىغا زەربە بېرىپ ، ئۇ تانكىغا ئوت قويۇۋەتتى. بۇ تانكا بىر بۆلۈك زاپاس ساقلانغان ماشىنىلارنىڭ ئۇستىگە چۈشۈپ كەتتى. نەتىجىدە يەتتە ماشىنا پارتلاپ كەتتى. بىز بەش ماشىنىنى غەنىيمەت ئالدۇق.

ماڭا ھىكمەتيارنىڭ قوغدىغۇچىسى ئابدۇللاھ مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: ئۇرۇش داۋامىدا مېنى نۇرغۇن قېتىم ئۇيغۇ باستى، مەن بۇنى اللەنىڭ نىئمىتى ۋە ماڭا بەرگەن خاتىرجەملىكى دەپ ئويلايتتىم.

ماڭا ئابدۇ رەشىد مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: مەن رۇسلار بىزگە ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا ئۈچ قېتىم مۇجاھىدلارنى قاتتىق ئۇيغۇ باسقانلىقىنى كۆردۈم. شۇنىڭ بىلەن مۇجاھىدلار تەخمىنەن 2-3مىنۇت ئەتراپىدا تاتلىق ئۇخلىدى، ئاندىن

يېڭىچە ئىرادە بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ رۇسلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى.

الله مۇجاھىدلارنى مۇھاپىزەت قىلدى.

وَمَا كَانَ لِنَفْسٍ أَن تَمُوتَ إِلَّا بِإِذْنِ ٱللَّهِ كِتَٰبًا مُّؤَجَّلًا

(ھېچ كىشى الله نىڭ ئىزنىسىز ئۆلمەيدۇ، الله ھەر ئادەمنىڭ ئەجىلىنى پۈتۈۋەتكەن (ئادەمنىڭ ئۆمرىنى قورقۇنچاقلىق ئۇزارتالمايدۇ، باتۇرلۇق قىسقارتالمايدۇ).) **(آل عمران: 145)**

فَٱللَّهُ خَيْرٌ حَٰفِظًا ۖ وَهُوَ أَرْحَمُ ٱلرَّٰحِمِينَ ﴿٦٤﴾

(الله ياخشى ساقلىغۇچىدۇر، ھەممىدىن مېھرىباندۇر) **(يوسف: 64)**

جەڭ مەيدانىدا يۈز بەرگەن مۆجىزىلەر

1-ئەختەر مۇھەممەدنىڭ ئۇستىدىن تانكا بېسىپ ئۆتتى.

ماگا مۇھەممەد [غۇزنى شەلجىر] دېگەن جايدىكى مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: مەن ئىككى كۆزۈم بىلەن ئەختەر مۇھەممەدنىڭ ئۇستىدىن تانكا بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى كۆردۈم، بىراق، ئۇ ئۆلمىدى. روسلار ئۇنىڭ تىرىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ كەينىگە يېنىپ كېلىپ ئۇنى ئىككىنچى قېتىم تانكا بىلەن بېسىپ ئۆتتى، بىراق، ئۇ يەنىلا ئۆلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنى ئىككى مۇجاھىد بىلەن بىللە تۇتۇۋېلىپ، بۇ ئۈچ كىشىگە ئوق ئاتتى. ئۇ يەنىلا ئۆلمىدى. ئۈچ كىشى يەرگە يىقىلدى.ئىككىسى شەھىد بولدى. روس كوممۇنىستلىرى توپا -چاڭ ئۆرلىتىپ كېتىپ قالدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئەختەر مۇھەممەد ئورنىدىن تۇرۇپ مۇجاھىدلارنىڭ قېشىغا قايتتى. ئۇ ھېلى-ھەم ھايات، جىھاد قىلىۋاتىدۇ..

2-نەسرۇللاھ غا ئىككى پاي ئوق تېگىدۇ، لېكىن ، ئۇ ئىككى پاي ئوق ئۇنىڭ يانچۇقىغا چۈشىدۇ.

ماگا مۇھەممەد مەنجەل مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: ماگا نەسرۇللاھ سۆزلەپ بەرگەن: ئۇ غۇزنىدا جىھاد قىلاتتى. نەسرۇللاھغا ئىككى پاي ئوق تېگىدۇ، لېكىن ، ئۇ ئىككى پاي ئوق ئۇنى جاراھەتلەندۈرمەي ئۇنىڭ يانچۇقىغا چۈشىدۇ. نەسرۇللاھ بۇ ئىككى پاي ئوقنى يېنىدىكى مۇجاھىدلارغا كۆرسەتتى. مۇجاھىدلار ئۇنى كۆردى.

3-ھەزرەت شاھنىڭ كۆزىگە دوشكا( روسىيەدە ئىشلەنگەن زەمبىرەك) ئوقى تەگدى. بۇ ئوق ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچقانداق زىيان يەتكۈزمىدى.

ماڭا ئارسلان مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: ھەزرەت شاھنىڭ كۆزىگە دوشكا ئوقى تەگدى. بۇ ئوق ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچقانداق زىيان يەتكۈزمىدى. پەقەت ئۇنىڭ كۆزى ئازراق قىزىرىپ قالدى.

4-ئون تۆت بومبا.

ماڭا بەغماننىڭ قوماندانى مۇھەممەد نەئىم مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: ئايروپىلان بىزنىڭ ئۇستىمىزگە ئون تۆت دانە بومبا تاشلىدى. ئون ئۈچ بومبا ئۇنىڭغا يېقىن جايدا پارتلىدى، لېكىن ، بۇ بومبىلار ھېچقانداق كىشىگە زىيان يەتكۈزمىدى.

5-ئوق ئۇلارنىڭ بەدىنىنى تېشىپ ئۆتەلمىدى.

مەن (يەنى ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ ئۆزى) خوجا مۇھەممەدنىڭ كۆينىكىنى بومبا پارچىلىرىنىڭ تىشۋەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇنىڭ كۆينىكىدە بەش تۆشۈك بار ئىدى، لېكىن ، ئۇنىڭ بىرەر يېرىمۇ جاراھەتلەنمىگەن ئىدى.

6-چېدىر كۆيۈپ كەتتى، بىراق، بىر چېدىردا ئۈچ كىشى بولۇپ ھېچكىم يارىلانمىدى.

ماڭا جالالۇد دىيننىڭ بىر تۇققىنى ئىبراھىم مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: 1983-يىلى 3-ئاينىڭ 8-كۈنى بىزگە ئىككى دانە زەمبىرەك ئوقى تېگىپ نۇرغۇن ئورۇنلاردىكى چېدىرلارنى كۆيدۈرۈۋەتتى. بىراق، بىر چېدىردا ئۈچ كىشى بولۇپ ھېچكىم يارىلانمىدى.

7. مېنىڭ كىيىملىرىم كۆيۈپ كەتتى مەن 20 كىشى بىلەن بىرگە ئىدىم. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كىيىملىرى كۆيۈپ كەتتى، بىراق، ئۇلاردىن بىرمۇ كىشى يارىلانمىدى.

ماڭا ئىبراھىم مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: مەن ھىجرىيە 1402-يىلى شەئبان ئېيىدا 20كىشى بىلەن بەجي، خوست ، بىكىيتا ئۇرۇشىدا ئىدىم؛ بىزنىڭ ئۈستىمىزگە بومبىلار چۈشتى. يىراقنى كۆرىدىغان دۇربۇن سۇنۇپ كەتتى، ئىشتىنىم كۆيۈپ كەتتى، مەن (يەنى ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ ئۆزى) ئىبراھىمنىڭ ئىشتىنىنى بومبا پارچىسى كۆيدۈرىۋەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇ ئىشتان ھېلىمۇ مېنىڭ يېنىمدا بار. بىراق ئۇ يارىلانمىدى. شۇ مەيداندىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كىيىملىرى كۆيۈپ كەتتى، بىراق، ئۇلاردىن بىرمۇ كىشى يارىلانمىدى.

8- ئىبراھىمنىڭ ماشىنىسى بىر مىنانىڭ ئۈستىدىن بېسىپ ئۆتتى. لېكىن مىنا پارتلىمىدى. بىراق، بۇ مىنا تانكىنى پارتلىتىۋەتتى.

ماڭا ئىبراھىم مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: بىز 30 كىشى زەرمەت دېگەن جايدا ئىدۇق. ئۇ يەردىكى دۈشمەن 300 كىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تانكا، بىرونىك، يۈك توشۇغۇچى پاراخوتى بار ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ دۈشمەن مەغلۇپ بولدى. بىز ئىككى تانكا، بىر ماشىنا، 80دانە بومبا، مىناميوت، 30مىڭ پاي ئوق، ئالتە دانە كىلاشىنكوف غەنىيمەت ئالدۇق. بىز ئوق-دورىلارنى ماشىنىغا بېسىپ يولغا چىقتۇق. شوپۇرنىڭ ئىسمى مۇھەممەد ئىدى. مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئىدىم. ماشىنا بىر مىنانىڭ ئۈستىدىن بېسىپ ئۆتتى. مىنا پارتلىمىدى. لېكىن ، شۇ مىنانىڭ ئۈستىدىن تانكا بېسىپ ئۆتكەندە مىنا تانكىنى پاچاقلىۋەتتى.

مەن (يەنى ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ ئۆزى) ئوقلار تېشىۋەتكەن ئارىبجى ئوقنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. بۇ ئوق زەمبىرەكنىڭ ئىچىدە بولۇپ مۇجاھىدلارنىڭ بىرى ئۇنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىدى. لېكىن ، ئۇ يارىلانمىدى. يىراقنى كۆرىدىغان دۇربۇن جامالىددىين ھەققانىنىڭ بىر تۇققىنى مۇجاھىد خەلىيلدە ئىدى. يىراقنى كۆرىدىغان دۇربۇننىڭ ئەينىكى سۇنۇپ كەتتى، لېكىن ئۇ يارىلانمىدى.

10- ماڭا فەتھۇللاھ مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: ئوق زەرغىن شاھنىڭ يانچۇقىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى ئەينەك سۇنۇپ كەتتى، دەپتەر كۆيۈپ كەتتى، بىراق، ئۇ يارىلانمىدى.

11-ماگا فەتھۇللاھ مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: ئايروپىلان بومبا تاشلىدى. چېدىر كۆيۈپ كەتتى، بىراق، چېدىر ئىچىدىكى ھېچكىم يارىلانمىدى.

12-ماگا قوماندان ئابدۇراھمان مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: بومبا ئەقلى دىنىنىڭ ئىككى پۇتى ئارىسىدا ۋە ئابدۇراھماننىڭ يېنىدا پارتىلىدى. لېكىن ، ھېچكىم يارىلانمىدى.

13- مۇجاھىدلارنىڭ تانكىسى ئاستىدا مىنا پارتىلىدى، بېشىدىكى سەللىلەر ئۇچۇپ كەتتى لېكىن ، ھېچكىم يارىلانمىدى.

ماگا فەتھۇللاھ مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: فەتھۇللاھ ئىبراھىم بىلەن ھەسەن بارىينى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تانكا ئىچىگە كىردى. مىنا پارتلاپ بېشىدىكى سەللىلەر ئۇچۇپ كەتتى لېكىن ، ھېچكىم يارىلانمىدى.

14- ماگا ئابدۇل كەرىم مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

مەن يېتەكچى قوماندان ئابدۇل ئەلىنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۇم. ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ئوقلار كۆيدۈرىۋېتىپتۇ. لېكىن ، ئۇ يارىلانماپتۇ.

15- ماگا ۋەردەكنىڭ قوماندانى مەۋلەۋى مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: سەككىز ئايروپىلان ماگا ھۇجۇم قىلدى. مەن

ئىككى كەنتنىڭ ئوتتۇرىسىدا پىيادە كېتىۋاتىمەن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپە ئون كىلومېتىر ئىدى. مەن يارلانمىدىم، مەن ئايروپىلاندىكى كىشىلەرنى كۆرەتتىم. مىنىڭ قورالىم بار ئىدى.

# قۇشلارمۇ مۇجاھىدلار بىلەن بىر سەپتە

ئايرۇپىلانلاردىن بۇرۇن قۇشلارنىڭ كېلىدىغانلىقى ۋە بۇ ئارقىلىق مۇجاھىدلارنىڭ ئايروپىلانلارنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىدىغانلىقى ئەڭ ئىشەنچلىك خەۋەرگە ئايلاندى. ئايروپىلانلارنىڭ سۈرئىتى ئاۋازنىڭ سۈرئىتىنىڭ ئىككى ياكى ئۈچ ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىغان بولسىمۇ، بىراق،ئايروپىلانلار كەلگەن ۋاقىتتا قۇشلار ئايروپىلانلارنىڭ ئاستىدا ئۈچۈپ ئۇلاردىن بۇرۇن كېلىدۇ . بۇ ۋاقىتتا مۇجاھىدلار توپلىنىدۇ. ئەگەر قۇشلارمۇ ئۇلارغا قوشۇلسا زىيان-زەخمەتلەر ئاز بولىدۇ ياكى زىيان-زەخمەتلەر كۆرۈلمەيدۇ.

ماڭا بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەن كىشىلەر تۆۋەندىكىچە:

مۇھەممەد كەرىم: مەن 20 قېتىمدىن كۆپراق ناھايىتى كۆپ قۇشلارنىڭ ئايرۇپىلانلاردىن بۇرۇن كەلگەنلىكىنى كۆردۇم-دېدى ...

جالالۇددىين ھەققاني: ناھايىتى كۆپ قۇشلارنىڭ ئايرۇپىلانلاردىن بۇرۇن كەلگەنلىكىنى كۆردۇم-دېدى ...

ئارسلان: ناھايىتى كۆپ قۇشلارنىڭ ئايرۇپىلانلاردىن بۇرۇن كەلگەنلىكىنى كۆردۇم-دېدى ...

ئۇنىڭدىن باشقا مۇھەممەد شىرىن، مەۋلەۋى ئابدۇل ھەمىد، فەزلى مۇھەممەد، جان مۇھەممەد، خەييار مۇھەممەد، ۋەزىر باد شاھ، سەيد ئەھمەد شاھ، ئەلىجان.. قاتارلىقلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ قۇشلارنىڭ ئايرۇپىلانلاردىن بۇرۇن كەلگەنلىكىنى كۆرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى....

دېمەك، بۇ يەردە شەيخ ئىبنى بازغا ئوخشاش «شەپقەتلىك اللەنىڭ ئافغانىستاندىكى مۆجىزىلىرى» ناملىق كىتابنى ماختىغان كىشىلەرمۇ بولدى. ۋە يەنە بۇ يەردە ئافغان مۇجاھىدلىرىدا يۈز بەرگەن خارىقى ئادەتلەر ۋە كارامەتلەردە ھەددىدىن ئارتۇق مۇبالىغە قىلىش بار دېگەن كىشىلەرمۇ بولدى.

## ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ ئەخلاق پىرىنسىپلىرى

ئەرەبىيە قانىلى ئۇيۇشتۇرغان بىر سۆھبەتتە ھۇزەيفە ئابدۇللاھ ئەززام دادىسىنىڭ ئەخلاق پىرىنسىپلىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ جىھاد سەپىرى ئۇ ”سىيلەتۇل ھارىسىيە“دىن ئىيوردانىيە زېمىنىغا يۆتكەلگەن چاغدىن باشلانغان، ئۇلار ئىيوردانىيە ۋادىلىرىدا لاگېر ۋە بازىلارنى قۇرغان. سىز پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ تۇتقان يولىغا ئوخشمايدىغان تەشكىلاتلارغا قاراپ بېقىڭ، ئۇلارنىڭ بىرى ئىيوردانىيە زېمىنىدىن ئىسرائىلىيەگە قارىتىپ ئوق چىقىراتتى-

دە، ئىسرائىلىيە كۈچلىرى جاۋاب قايتۇرۇپ، بىگۇناھ قورالسىز پۇقرالاردىن كۆپ قىسىم كىشىلەرنى قىرغىن قىلاتتى. مەرھۇم دادام بولسا ئىيوردانىيە زېمىنىدىن بىر تال ئوق ئېتىشىنىمۇ رەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بارلىق ئىشلىرى ئىيوردانىيە ئارمىيەسىنىڭ گۇۋاھلىقى ئاستىدا دەريانىڭ ئارقىسىدا بولغان، ئۇلار پۇقرالارنى ۋە ئىيوردانىيە دەريا ۋادىلىرىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنى ئۇرۇشنىڭ بالايىئاپەتلىرىدىن يىراق قىلىش ئۈچۈن، دەريادىن ئۆتۈپ، ئاندىن جەڭ مەيدانى ئىچىدە پائالىيەتلىرىنى قىلاتتى. چۈنكى پۇقرالارنىڭ بۇ ئۇرۇشنىڭ بەدىلىنى تۆلىگۈدەك ھېچ گۇناھى يوق ئىدى. بۇ بىرىنچى دەيدىغىنىم .

ئىككىنچىدىن: ئۇلار بىگۇناھلارنىڭ قېنىنى تۆكمەيتتى، دادام ئۆزىنىڭ «فلسطين من القلب الى القلب حتى لا تضيع فلسطين والى الابد» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە سۆزلەپ ئېيتىدۇ:

ئىيوردانىيە ئارمىيەسى بىزنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتى، ھالبۇكى ئۇلار باشقا قىسىم ياشلىرىنى ھۆرمەتلىمەيتتى، چۈنكى ئۇلار قوش ئۆلچەملىك يەنى لۈكچەك كىشىلەر بولۇپ، كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزەتتى، يېزا ئاھالىلىرىگە زىيان سالاتتى، قولىدا قورال يوق كىشىلەرگە ئەزىيەت بېرەتتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى بۇلاڭچىلىق قىلاتتى، يەنە بەزىسى كىشىلەرنىڭ پۇل-ماللىرىنى ئوغرىلايتتى. ھالبۇكى داداملار جىھاد پائالىيەتلىرىگە كېتىشۋېتىپ، ئىيوردانىيە ئارمىيەسى تەكشۈرۈش پونكىتلىرى ئۇلارنى توختىتىپ تەكشۈرگەندە، ئۇلارغا سالام بېرەتتى ۋە: شەيخلەر سىلەرگە كەلسەك، سىلەرنى بېشىمىزغا ئېلىپ ھۆرمەتلەيمىز، چۈنكى بىز سىلەرنىڭ راستچىل، ئىخلاسمەن

ئىكەنلىكىگىلارنى ۋە ئىيوردانىيەدىكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بولسۇن ياكى بىگۇناھ كىشىلەر بولسۇن ھېچكىمگە زىيان يەتكۈزۈش نىيىتىگىلارنىڭ يوقلىقىنى بىلىمىز، دەيتتى .

## ئۇ قاتناشقان مۇھىم ئۇرۇشلار

بىز ئافغانىستان تۇپراقلىرى گۇۋاھلىق بەرگەندەك، پەلەستىن تۇپراقلىرىمۇ گۇۋاھلىق بەرگەن مەشھۇر مۇجاھىدلارنىڭ بىرى ھەققىدە توختىلىۋاتىمىز، ئۇ پەقەت قورال كۆتۈرۈپلا جىھاد قىلمىغان، بەلكى مۇسۇلمانلارغا بۇ كۆمۈلۈپ قالغان پەرزنى ئەسلىتىش ئۈچۈن، تىلى بىلەنمۇ جىھاد قىلىپ دۇنيا ئەللىرىنى ئايلىنىپ چىققان. ئۇ مۇجاھىد بولسىمۇ-شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامدۇر .

شەيخ پەلەستىن زېمىنىدا بەزى ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىملىرىدىن: بىرىنچىسى بەلباغ ئۇرۇشى بولۇپ، ئۇنىڭغا شەھىد ئابدۇللاھ ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرى بىلەن قاتناشقان ۋە قېرىنداشلىرىدىن ئەبۇ مۇسئەب سۇرىي يارىلانغان. بۇ ئۇرۇش ئىيوردانىيەنىڭ شىمالى ۋادى رايوندا يۈز بەرگەن. ئىككىنچىسى: 1970-يىلدىكى 5-ئىيۇل ئۇرۇشى. بۇ ئۇرۇشقا ئالتە مۇجاھىد قاتناشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەبۇ ئىسمائىل ھەمەۋى، ئىبراھىم بىن بەللە ۋە بىلال

پەلەستىننى قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلار ئوچۇق يەردە ئىككى تانكا ۋە مىنا تازىلىغۇچى پاراخوتنىڭ ئالدىنى توسىغان ئىدى. ئىسرائىلىيە مۇداپىئە مىنىستىرى موشې دايان كانادالىق ۋە ئامېرىكىلىق ئىككى ئالاھىدە مۇخبىرنى چېگرا تەرەپتە ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارغا پىدائىيلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىدى، ئۇشتۇمتۇت ئاللاھنىڭ قوشۇنلىرى گويا يەر ئاستىدىن چىققان مۇسۇلمان جىندەكلا پەيدا بولۇپ، ئوق-بومبىلارنى ياغدۇردى، ھېلىقى ئىككى مۇخبىر يارىلىنىدۇ. يەھۇدىيلار ساقچى-ئوفىتسېرلاردىن 12 ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان، لېكىن دۈشمەن تەرەپتىن ئۆلگەنلەر بۇنىڭدىن خېلىلا كۆپ ئىدى. بۇ ئۇرۇشتا ئۈچ قېرىنداش شەھىد بولىدۇ. لېكىن 1970-يىلى سېنتەبىردە يۈز بەرگەن ۋەقە شەيخ شەھىد ئابدۇللاھ ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ پەلەستىن زېمىنىدا جىھادنى داۋاملاشتۇرۇشىغا توسالغۇ بولىدۇ، چېگرا تاقىلىدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا ئۇلار يەھۇدىيلارغا ئاشكارا يەتكۈزۈپ كېلىۋاتقان ئۇرۇشنىڭ بالايىئاپەتلىرىنى تېخىمۇ تېتىتىپ قويغان بولاتتى .

## ئۇنىڭ جىھادى

شەيخ ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ ئافغانىستاندىكى جىھاد ھەرىكىتىدە چوڭ رولى بار ئىدى. ئۇ ئافغان مۇجاھىدلىرى

بىلەن ئەرەب ئەللىرىدىكى ئۇلارنى قوللىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ئالاقە چەمبىرى بولغان ئىدى، شۇنداقلا مۇھاجىرلار، ئافغان مۇجاھىدلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى تەلىم-تەربىيە، ساغلاملىق ۋە ئەسكىرى جەھەتلەردىن خىلمۇ-خىل ياردەم-مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن كۆپ پائالىيەتلەرگە سەپەرۋەرلىك قىلغانىدى. ئۇ يەنە جىھاد خەۋەرلىرىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن، ئايلىق تەشۋىقات مۇنبىرى سۈپىتىدە جىھاد رىسالىسى ژۇرنىلىنى تەسىس قىلغان، ھەمدە يەنە ”ئۇرۇش يالقۇنى ئۇقتۇرۇشى“نى تەسىس قىلغان بولۇپ، بۇ ھەپتىلىك ئۇقتۇرۇش بولۇپ، ئافغانىستان ساھەسىدە يۈز بەرگەن يېڭى ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى .

شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام رۇسقا قارشى نۇرغۇن ئۇرۇشلارغا قاتناشقان بولۇپ، ئۇ ئۇرۇشلار ئىچىدىكى ئەڭ قاتتىق بولغىنى 1408ھ/1987م-يىلى مۇبارەك رامىزان ئېيىدا يۈز بەرگەن جاجى ئۇرۇشىدۇر، (بۇ ئۇرۇشتا) نۇرغۇن ئەرەب مۇجاھىدلار ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە بولۇپ، ناھايىتى قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن، بەزىلىرى ئاللاھ يولىدا شەھىد بولۇپ يىقىلغان ئىدى. دوكتور ئابدۇللاھ ئەززام ئافغانىستاندىكى مۇجاھىدلار خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن ئىدى، ئۇ ئافغان جىھادىي قوماندانلىرىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى، شۇنداقلا ئافغانىستاندا جىھاد قىلىش ئۈچۈن خىلمۇ-خىل ئىسلام-ئەرەب يۇرتلىرىدىن بارغان ياشلارنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشكەنىدى .

شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ سۆزلىرى

ئەركەكلەرنىڭ قانچىلىكلىكى سۆز مۇنبەرلىرىدە ئەمەس، بەلكى كۈرەش مەيدانلىرىدا گەۋدىلىنىدۇ .

- جىھاد ھەقىقەتەن يەر يۈزىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە دىنى سىمۋوللارنى قوغداشنىڭ بىردىن بىر كاپالىتى .

- جىھاد ھاياتى ئەڭ شېرىن ھاياتتۇر، جاپالىق تۇرمۇشقا چىداپ بەرداشلىق بېرىش ھۇزۇر-ھالاۋەتلىك ياشاشتىن گۈزەلدۇر .

- جىھاد ھاياتى روھنى تاۋلايدۇ، قەلبنى سۈزۈلدۇرىدۇ، نۇرغۇن ئۆلچەملەرنى ئۆزگەرتىدۇ .

- ئەي مۇسۇلمانلار! جىھاد سىلەرنىڭ ھاياتىڭلاردۇر، جىھاد سىلەرنىڭ كۈچۈڭلاردۇر، سىلەرنىڭ كېلەچەكتىكى مەۋجۇتلۇقۇڭلار جىھادقا باغلانغان .

- ئۆزىنىڭ جىھادقا چىقمىغانلىقىنى ئاقلاپ يۈرۈش ئويۇن-تاماشا ئوينىغانلىقتۇر .

- ئاللاھنىڭ دىنى جىھادسىز، ئۇرۇشسىز، قان تۆكمەي ۋە تەنلەر پارچىلانمايمۇ غەلىبە قىلالايدۇ دەپ ئويلاپ قالغانلار خاتالاشقۇچىدۇر، بۇ دىنىنىڭ تەبىئىتىنى بىلەلمىگەنلەردۇر

ئالىملارنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە دېگەن بايانلىرى

ئالىملار شەيخ شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنى مەدھىيەلىگەن بولۇپ، ئۇ توغرىلىق ۋە ئۇنىڭ پەلەستىنىدىكى يەھۇدىيلارغا قارشى جىھادى، ئاندىن ئافغانىستاندىكى جىھادى توغرىلىق باياناتلارنى ئېلان قىلغان. خاماس ھەرىكىتى مۇنداق دېگەن: شەيخ ئابدۇللاھنىڭ ئۆزى سۆيگەن، ئازادلىقى ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە جىھاد قىلغان، ئىسرا زېمىنى بولغان پەلەستىندە ئەمەس، بەلكى جىھاد زېمىنى بولغان ئافغانىستانغا يېقىن يەردە شەھىد بولغانلىقى يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنىنى قامال قىلغانلىقىغا بېرىپ تاقىلىدۇ، ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن پەلەستىنىنىڭ سىرتىدا تۇرۇۋاتقان مۇجاھىدلار بۇ قامالنىڭ دەردىنى تارتىپ كەلمەكتە. 1968، 1969، 1970-يىللىرى ئىسرا زېمىنى شەيخ

ئابدۇللاھنى ئىيوردانىيە ۋادىلىرىدىكى «شەيخلەر بازىلىرى»دا جىھاد قىلغان سادىق مۇجاھىد دەپ تونۇغان ئىدى، شەيخ چىن كۆڭلىدىن پەلەستىندە جىھاد قىلىشقا تەلپۈنگەن ھالدا شەھىد بولغان بولۇپ، ئۇ پەلەستىن ۋە پەلەستىن مۇجاھىدلىرىنى قەلبى، قەلىمى ۋە تىلى بىلەن ئەسلەپ تۇرغان ئىدى.

ئۇستاز ھەيدەر مۇستافا ئېيتىدۇ: ئابدۇللاھ ئەززام گەپ قىلغاندا، ئۇ ماڭا گويا ئېگىز كۆتۈرۈلگەن دولقۇن كەبى كۈچلۈك كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە قورقماس بىر يۈرەك بار. ئۇنىڭ ياشاش مىزانى چىڭ تۇرۇش، مۇستەھكەملىك، تەۋەككۈلنى ساقلاش، ئوتتۇرھال بولۇشتۇر. ئۇ ئۆز نەپسىگە ھاكىم بولۇشقا تىرىشاتتى، دۇنيانىڭ ھۆكۈملىرىگە پەرۋا قىلمايتتى، ھەقىقىي ھۇزۇر راھەت-پاراغەتتە ئەمەس، بەلكى ئىزچىل جىھاد قىلىش ۋە زېمىن يۈزىدە ئاللاھنىڭ دىنىنى جاپا-مۇشەققەت بىلەن بەرپا قىلىشتا دەپ ئىشىنەتتى.

## شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ نەسىھەتلىرى

ئاللەنىڭ فەقىر بەندىسى ئابدۇللاھ يۈسۈپ ئەززام نەسىھەتلىرى:

ھىجرىيە 1406-يىلى شەئبان ئېيىنىڭ 12-كۈنى ( بۇ مىلادىيە 1986-يىلى 4-ئاينىڭ20-كۈنلىرىگە توغرا كېلىدۇ ) ئەتىگەن ۋە ئاخشاملىرىدا باتۇر قوماندان شەيخ جالالىددىن ھەققانىينىڭ ئۆيىدە بۇ سۆزلەرنى يېزىۋاتىمەن.

إن الحمد لله, نحمده ونستعينه ونستغفره, ونعوذ بالله من شرور أنفسنا ومن سيئات أعمالنا, من يهده الله فلا مضل له, ومن يضلل, فلا هادي له, وأشهد أن لا إله إلا الله, وحده لا شريك له, وأشهد أن محمدا عبده ورسوله, اللهم لا سهل إلا ما جعلته سهلا وأنت تجعل الحزن إذا شئت سهلا.

ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئىشتىياقى ھاياتىمنى، روھىمنى، قەلبىمنى، ھېس -تۇيغۇلىرىمنى كونترول قىلىۋالدى. ھەقىقەتەن، ئۆزىنىڭ مۇھكەم ئايەتلىرى بىلەن بۇ دىندىكى جىھادنىڭ قىيامەتكىچە بولغان ئاخىرقى ھۆكۈملىرىنى بايان قىلىپ بەرگەن سۈرە تەۋبە قەلبىمنى قاتتىق سىقماقتا، روھىمنى پارە-پارە قىلماقتا ئىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلمىغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدىم.

ھەقىقەتەن، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى جىھاد ئايەتلىرىنى مەنسۇخ قىلىدىغان (يەنى، ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان) قىلىچ ئايىتى بولسا ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىش توغرىسىدىكى ئايەتلەرنى ئويۇن –تاماشا ئورنىدا كۆرۈۋاتقان ياكى مۇھكەم ئايەتلەرنى تەئۋىل قىلىۋاتقان ياكى ئۇ ئايەتلەرنى ھۆكۈمى قەتئىي بولغان ۋە قەتئىي ئۆزگەرمەيدىغان مەزمۇنىدىن

بۇرمىلاشقا جۈرئەت قىلىۋاتقان ھەرقانداق كىشىگە كەسكىن رەددىيە ۋە كەسكىن جاۋابتۇر.

قىلىچ ئايىتى بولسا تۆۋەندىكىچە:

(وَقَاتِلُوا الْمُشْرِكِينَ كَافَّةً كَمَا يُقَاتِلُونَكُمْ كَافَّةً وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ مَعَ الْمُتَّقِينَ)(سورة التوبة: **36**)

(مۇشرىكلار سىلەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغاندەك، سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، اﷲ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر (يەنى اﷲ نىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش، مەنئى قىلغان ئىشلىرىدىن چەكلىنىش بىلەن اﷲ تىن قورقۇچىلارغا اﷲ نىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىدە بولۇڭلار) )

(فَإِذَا انسَلَخَ الْأَشْهُرُ الْحُرُمُ فَاقْتُلُوا الْمُشْرِكِينَ حَيْثُ وَجَدتُّمُوهُمْ وَخُذُوهُمْ وَاحْصُرُوهُمْ وَاقْعُدُوا لَهُمْ كُلَّ مَرْصَدٍ فَإِن تَابُوا وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ فَخَلُّوا سَبِيلَهُمْ إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ )(سورة التوبة: **5**)

((ئۇرۇش قىلىش) ھارام قىلىنغان ئايلار ئۆتۈپ كەتكەندە، مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار،

ئەسىرگە ئېلىنغانلار، قورشالغانلار، ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇڭلار، ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە، ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار، شۈبھىسىزكى، اﷲ (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، رەھىم قىلغۇچىدۇر)

الله يولىدا جىھادقا چىقىشتىن باش تارتقانلار، دۇنيانىڭ ئەرزىمەس ئويۇن –تاماشىلىرى ئۈچۈن الله يولىدا ئۇرۇشقا چىقماسلىققا رازى بولغانلار، اللەنىڭ دىنىنى ئويۇن –تاماشا ئورنىدا كۆرگەنلەر... بىز قۇرئان ئايەتلىرى ئارقىلىق بۇنداق كىشىلەردىن يۈز ئۆرۈشكە بۇيرۇلدۇق.

(وَذَرِ الَّذِينَ اتَّخَذُوا دِينَهُمْ لَعِبًا وَلَهْوًا وَغَرَّتْهُمُ الْحَيَاةُ الدُّنْيَا) (سورةالأنعام:**70**)

(دىنىنى ئويۇن - كۈلكە قىلىۋالغان، دۇنيا تىرىكچىلىكىگە ئالدانغانلارنى تەرك ئەت.)

جىھادقا تەييارلىق قىلماستىن قۇرۇق ئارزۇ-ئارمانلار بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش يۈكسەك چوققىغا ئىنتىلمەيدىغان ئىرادىسىز كىشىلەرنىڭ ئىشىدۇر.

**وإذاكانت النفوس كبارا تعب تمن مرادهاالأجسام**

بۇ شېئىردا ئىنسان نەپسىنىڭ يوغىنىغانسىرى ئىنسان جىسمىنىڭمۇ نەپسىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىغا ئەگىشىپ يوغىنايدىغانلىقىنى بايان قىلىنغان.

شۈبھىسىزكى، مەسجىدى ھەرامغا قوشنا بولۇپ ياشاشنى ۋە ئۇنى ئاۋات قىلىشنى الله يولىدىكى جىھاد بىلەن تەڭ ئورۇندا قويۇشقا بولمايدۇ.

**(أَجَعَلْتُمْ سِقَايَةَ الْحَاجِّ وَعِمَارَةَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ كَمَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَجَاهَدَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ لَا يَسْتَوُونَ عِندَ اللَّهِ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ. الَّذِينَ آمَنُوا وَهَاجَرُوا وَجَاهَدُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ أَعْظَمُ دَرَجَةً عِندَ اللَّهِ وَأُولَٰئِكَ هُمُ الْفَائِزُونَ. يُبَشِّرُهُمْ رَبُّهُم بِرَحْمَةٍ مِّنْهُ وَرِضْوَانٍ وَجَنَّاتٍ لَّهُمْ فِيهَا نَعِيمٌ مُّقِيمٌ. خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا إِنَّ اللَّهَ عِندَهُ أَجْرٌ عَظِيمٌ)** (سورةالتوبة: **19-22**)

(سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى، مەسجىدى ھەرەمنى ئاۋات قىلىشنى الله قا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ (ئىمانىغا) ئوخشاش ھېسابلامسىلەر؟ الله نىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس. الله زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.ئىمان ئېيتقانلارنىڭ، ھىجرەت

قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر؛ ئەنە شۇلار (ساۋاب تېپىش بىلەن) مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. پەرۋەردىگارى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ رەھمىتى، رازىلىقى ۋە جەننەتلىرى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك نېمەتكە ئېرىشىدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۇ قالىدۇ. شۈبھىسىزكى، الله نىڭ دەرگاھىدا (ئۇلارغا) كاتتا ساۋاب بار )

مانا بۇ ئايەتلەر ساھابىلار **(رضوان الله عليهم )**ئىمان ئېيتقاندىن كېيىنكى ئەڭ پەزىلەتلىك ئەمەللەر توغرىسىدا ئىختىلاپلىشىپ قالغاندا نازىل بولغان ئىدى.

ساھابىلار **(رضوان الله عليهم )** نىڭ بىرى: ئىمان ئېيتقاندىن كېيىنكى ئەڭ پەزىلەتلىك ئەمەل مەسجىدى ھەرەمنى ئاۋات قىلىش-دېدى.

ساھابىلار **(رضوان الله عليهم )**نىڭ يەنە بىرى: ئىمان ئېيتقاندىن كېيىنكى ئەڭ پەزىلەتلىك ئەمەل ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش-دېدى .

ساھابىلار **(رضوان الله عليهم )**نىڭ يەنە بىرى: ئىمان ئېيتقاندىن كېيىنكى ئەڭ پەزىلەتلىك ئەمەل الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىش -دېدى.

مانا بۇ ئايەتلەر "الله يولىدا جىھاد قىلىش مەسجىدى ھەرەمنى ئاۋات قىلىشتىمۇ چوڭراق بولغان پەزىلەتلىك ئەمەل " دېگەن مەسىلە توغرىسىدىكى تېكىستتۇر. بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ساھابىلار **(رضوان الله عليهم )** نىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدە خاتالىشىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن بولغان. بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبىنى خاسلاشتۇرۇۋېلىشقا ۋە تەئۋىل قىلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭ مەنىسى قەتئىدۇر.

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك **(عبد الله بن المبارك رحمه الله )** ئۆزىنىڭ مەشھۇر قەسىدىسىنى پۇدەيل **(فضَيل بن عياض)** غا ئەۋەتتى؛ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ قەسىدىسى تۆۋەندىكىچە:

**يا عابد الحرمين لو أبصرتنا ... لعلمت أنك بالعبادة تلعبُ**

**من كان يخضِبُ جيدَهُ بدموعه .. فنحورنا بدمائنا تتخضَّبُ**

**أوْ كان يُتعِبُ خيلَهُ في باطلٍ .. فخيولنا يومَ الصبيحةِ تتعبُ**

**ريحُ العبير لكم ونحنُ عبيرُنا رهَجُ السنابكِ والغُبارُ الأطيبُ**

**ولقد أتانا من مقالِ نبينا ... قولٌ صحيحٌ صادقٌ لا يكذبُ**

**لا يستوي وغُبار خيل الله في أنف امرئٍ ودُخانُ نارٍ تلهَبُ**

**هذا كتابُ الله ينطق بيننا ... ليس الشهيدُ بميتٍ لا يُكذَبُ**

بۇ شېئىرنىڭ مەزمۇنى:

ئى ئىككى ھەرەمدە ئىبادەت قىلغۇچى! ئەگەر سەن كۆزۈڭنى ئېچىپ ئوبدان قارىساڭ، سەن ھەرەمدە قىلىۋاتقان ئىبادىتىڭ بىلەن ئويۇن تاماشا قىلىۋاتقانلىقىڭنى كۆرىسەن.

كىشىلەر بويۇنلىرىنى ياشلىرى بىلەن بويىغان بولسا، بىز بويۇنلىرىمىزنى قانلىرىمىز بىلەن بوياۋاتىمىز.

كىشىلەر ئاتلىرىنى بىھۇدە كۆڭۈل خوشلۇقى ئۈچۈن چاپتۇرۇپ چارچىتىۋەتكەن بولسا، بىرنىڭ ئاتلىرىمىز پارلاق كەلگۈسىدىكى گۈزەل كۈنلەر ئۈچۈن چېپىپ چارچاۋاتىدۇ.

سىلەر خۇش پۇراقلارنى پۇراۋاتقان بىلەن بىزنىڭ خۇش پۇراق نەرسىلىرىمىز چاڭ-توزان ۋە پاك توپىلاردۇر.

بىزگە پەيغەمبىرىمىزدىن ھەقىقىي راست بولغان بىرى سۆز كەلدىكى، ئىنساننىڭ بۇرنىغا كىرگەن الله يولىدا چېپىۋاتقان ئاتلارنىڭ چاڭ توزانلىرى بىلەن كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ئىس-تۈتەكلىرى ھەرگىزمۇ باراۋەر بولمايدۇ.

سىز فەقىھ، مۇھەددىس ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ سۆزىگە قاراپ باقامسىز؟ يۈز-ئابرۇي دەپسەندە قىلىنىۋاتقان، قانلار تۆكۈلىۋاتقان، مال-مۈلۈكلەر بۇلانغان، اللەنىڭ دىنى زېمىندىن يوقىتىلىۋاتقان ۋاقىتتا، مەسجىدى ھەرەمگە قوشنا بولۇش ۋە ئۇنىڭدا ئىبادەت قىلىشنى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك اللەنىڭ دىنى بىلەن ئويۇن-تاماشا قىلىپ، ئىچ-پۇشۇقىنى چىقىرىش دەپ ئوتتۇرىغا قويىۋاتىدۇ.

مەن «مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنلىرىنى قوغداش ئەڭ مۇھىم پەرز ئەيىن» ناملىق كىتابتا يازغىنىمدەك، مېنىڭ بۇ مەسىلىدىكى قارىشىم شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ (ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن دىننى ۋە دۇنيانى بۇزىدىغان تاجاۋۇزچى دۈشمەننى چېكىندۈرۈشتىنمۇ زۆرۈر ئىش يوق.) دېگەن قارشى بىلەن ئوخشاشتۇر.

ھەقىقەتەن، مەن –**(اللە ئەڭ توغرىسىنى بىلگۈچى)**– بۈگۈن اللە يولىدىكى جىھادنى تەرك ئەتكەن كىشى بىلەن ناماز، روزا، زاكاتنى تەرك ئەتكەن كىشى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق دەپ قارايمەن.

ھەقىقەتەن، مەن ھازىر پۈتكۈل زېمىن ئەھلى پۈتكۈل ئالەملەرنىڭ رەببى اللەنىڭ ئالدىدىكى، ئاندىن كېيىن تارىخ ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ مەسئۇلىيەت ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ - دەپ قارايمەن.

ھەقىقەتەن، مەن مەيلى دەۋەت قىلىش بولسۇن ياكى كىتاب تۈزۈش بولسۇن ياكى تەربىيەلەش ئىشى بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق ئىش بولسۇن ھېچقانداق ئىش اللە يولىدىكى جىھادنى تەرك ئېتىش مەسئۇلىيىتىنى يوق قىلىۋېتەلمەيدۇ- دەپ قارايمەن.

ھەقىقەتەن، مەن شۇنداق قارايمەنكى، بۈگۈن زېمىندىكى ھەربىر مۇسۇلماننىڭ گەدىنىدە اللە يولىدا جىھاد قىلىش، ئوق-دورا ۋە قورالالارنى كۆتۈرۈش مەسئۇلىيىتى بار.

ھېچقانداق ئۆزرە-زۆرۈرىيىتى بولماي تۇرۇپ، قولىغا قورال ئالماستىن اللە بىلە ئۇچراشقان ھەرقانداق كىشى اللە يولىدىكى جىھادنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن اللەنىڭ ئالدىغا جىنايەتچى سۈپىتىدە بارىدۇ. ھازىر اللە يولىدا جىھاد قىلىش زېمىندىكى ئۆزرىسى يوق ھەرقانداق مۇسۇلمانغا پەرز ئەيندۇر.

پەرىز ئەمەلنى تەرك ئەتكەن كىشى اللەنىڭ ئالدىدا جىنايەتچىگە ئايلىنىدۇ. چۈنكى پەرز ئەمەل دېگەن ئۇ ئەمەلنى قىلغان كىشى مۇكاپاتلىنىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىنىدىغان ياكى ئۇنى تەرك ئەتكەن كىشى گۇناھكار بولىدىغان ئەمەلدۇر.

ھەقىقەتەن، مەن –(اللە ئەڭ توغرىسىنى بىلگۈچى)– شۇنداق قارايمەنكى، جىھادنى تەرك ئەتكەنلىكى سەۋەبى بىلەن اللەنىڭ ئالدىدا ئەپۇ قىلىنىدىغان كىشىلەر بولسا كۆزى كۆرمەيدىغان ئەمالار، ماڭالمايدىغان پۇتى توكۇر كىشىلەر،

كېسەل كىشىلەر ۋە ئەرلەر، ئاياللار، باللارنىڭ ئىچىدىن ھېچقانداق چارە تەدبىر تاپالمىغان كىشىلەر: يەنى، ئۇرۇش مەيدانىغا بېرىشقا قادىر بولالمايدىغان، ئۇرۇش مەيدانىغا بېرىش يولىنى بىلمەيدىغان كىشىلەردۇر.

مەيلى بۇ ئۇرۇش پەلەستىندە بولسۇن ياكى ئافغانىستاندا بولسۇن ياكى كاپىرلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان ھەمدە ئۇلارنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرى يامراپ كەتكەن زېمىندىكى ھەرقانداق جايدا بولسۇن.. ھازىر كىشىلەر ئۇرۇشنى تەرك ئەتكەنلىكى سەۋەبى بىلەن گۇناھكاردۇر.

ھەقىقەتەن، مەن شۇنداق قارايمەنكى، بۈگۈن الله يولىدا جىھاد قىلىشتا ھېچقانداق كىشىنىڭ رۇخسەت بېرىشىنىڭ ئورنى يوق. دادا بالىسىغا رۇخسەت بېرىشىنىڭ ئورنى يوق. ئەر ئايالىغا رۇخسەت بېرىشىنىڭ ئورنى يوق. قەرز بەرگۈچى قەرزدار كىشىگە رۇخسەت بېرىشىنىڭ ئورنى يوق. ئۇستاز شاگىرتىغا رۇخسەت بېرىشىنىڭ ئورنى يوق. ئەمىر قول ئاستىدىكىلەرگە رۇخسەت بېرىشىنىڭ ھاجىتى يوق. مانا بۇ تارىختىن بۇيانقى پۈتكۈل ئۆلىمالارنىڭ ئىجماسى بولۇپ بۇنداق ھالەتتە بالىسى دادىسىدىن، ئايالى ئېرىدىن رۇخسەت سورىماستىن ئۇرۇشقا چىقىدۇ. قانداق كىشى بۇ مەسىلىدە چەكتىن ئاشۇرۇۋەتسە ھەددىدىن ئاشقان، زۇلۇم قىلغان، اللهنىڭ ھىدايىتىگە ئەمەس ھاۋايى ھەۋىسىگە ئەگەشكەن بولىدۇ. بۇ ناھايىتى ئېنىق ئىش بولۇپ ئۇنىڭدا ھېچقانداق شەك-شۈبھە يوقتۇر. ئۇنى بۇرمىلاشقا، تەئۋىل قىلىشقا بولمايدۇ.

ھەقىقەتەن، مەن شۇنداق قارايمەنكى، بۈگۈن مۇسۇلمانلار ئافغانىستاندىكى دەپسەندە قىلىنىۋاتقان بارلىق يۈز-ئابرۇي ، ئېقىۋاتقان بارلىق قانلار ھەققىدە سوراققا تارتىلىدۇ. مۇسۇلمانلار مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن ئافغانىستاندىكى ئېقىۋاتقان بارلىق قانلاردا كاپىرلار بىلەن شېرىكتۇر. چۈنكى، مۇسۇلمانلار ئافغانىستاندىكى مۇسۇلمانلارغا ئۆزىنى قوغدايدىغان قورال، ئۆزلىرىنى داۋالايدىغان دوختۇر، يېمەك - ئىچمەك سېتىۋالىدىغان مال-مۈلۈك، خەندەك كولايدىغان سايمانلارنى بېرىشكە قادىر ئىدى.

ئەڭ چوڭ شەرھى دۇسۇقىنىڭ شەرھىسىدە **(2/111-112)**مۇنداق كەلدى:

« قانداق كىشىدە ئېھتىياجىدىن ئارتۇق يېمەك -ئىچمەك بولۇپ يەيدىغىنى يوق ئاچ قالغان كىشىنى كۆرسە ھەمدە ئۇنىڭغا تاماق بەرمەي ئۇنى تاشلاپ قويسا ۋە ئۇ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتسە، ئاشۇ ئېھتىياجىدىن ئارتۇق يېمەك -ئىچمىكى بولغان كىشى ئۇنىڭغا تاماق بەرگەن بولسا ئۇ ئۆلۈپ كەتمەيتتى دەپ تەئۋىل قىلىنىپ، ئاشۇ ئېھتىياجىدىن ئارتۇق يېمەك -ئىچمىكى بولغان كىشى ئاچلىقتىن ئۆلگەن كىشىنىڭ تۇغقانلىرىغا دىيىتىنى بېرىدۇ. ئەگەر بۇ كىشى قەستەن تاماق بەرمىگەن بولسا بۇ ھەقتە ھەرقايسى مەزھەپلەردە ئىككى خىل رىۋايەت بار:

ئۇنىڭ بىرى ئاشۇ ئېھتىياجىدىن ئارتۇق يېمەك -ئىچمىكى بولغان كىشى ئۆزىنىڭ خاس مۈلكىدىن ئۇنىڭ دىيىتىنى بېرىدۇ.

ئىككىنجىسى ئاشۇ ئېھتىياجىدىن ئارتۇق يېمەك - ئىچمىكى بولغان كىشىدىن ئۆلگۈچىنىڭ قىساسى ئېلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ قاتىل»

شەھۋەتلىرىنى، ھاۋايى-ھەۋەسلىرىنى، زۆرۈر بولمىغان ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن مال-مۈلۈكلىرىنى بىھۇدە سەرپ قىلىۋاتقان بايلارنى قانداق ھېساب ، قانداق ئازاب كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاندۇ-ھە؟!

## شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ بارلىق مۇسۇلمانلارغا قىلغان نەسىھەتلىرى

ئى مۇسۇلمانلار!!!

سىلەرنىڭ ھاياتىڭلار جىھاد قىلىشتۇر، سىلەرنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىڭلار جىھاد قىلىشتۇر، سىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشۇڭلار ياكى مەۋجۇدىيىتىڭلارنى يوقۇتۇپ قويۇشۇڭلار يەنىلا جىھاد قىلىشقا مۇناسىۋەتلىكتۇر...

## شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ ئىسلام دەۋەتچىلىرىگە قىلغان نەسىھەتلىرى

ئى دەۋەتچىلەر!

﴿أَلَمۡ تَرَ إِلَى ٱلۡمَلَإِ مِنۢ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ مِنۢ بَعۡدِ مُوسَىٰٓ إِذۡ قَالُواْ لِنَبِيّٖ لَّهُمُ ٱبۡعَثۡ لَنَا مَلِكٗا نُّقَٰتِلۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِۖ قَالَ هَلۡ عَسَيۡتُمۡ إِن كُتِبَ عَلَيۡكُمُ ٱلۡقِتَالُ أَلَّا تُقَٰتِلُواْۖ قَالُواْ وَمَا لَنَآ أَلَّا نُقَٰتِلَ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَقَدۡ أُخۡرِجۡنَا مِن دِيَٰرِنَا وَأَبۡنَآئِنَاۖ فَلَمَّا كُتِبَ عَلَيۡهِمُ ٱلۡقِتَالُ تَوَلَّوۡاْ إِلَّا قَلِيلٗا مِّنۡهُمۡۚ وَٱللَّهُ عَلِيمُۢ بِٱلظَّٰلِمِينَ ٢٤٦﴾

«ساڭا مۇسا (ۋاپاتى) دىن كېيىن ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان بىر جامائەنىڭ خەۋىرى يەتمىدىمۇ؟ ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىگە: «بىزگە پادىشاھ تىكلەپ بەرگىن، (ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەرگە قارشى) ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلايلى» دېيىشتى. پەيغەمبەر: « سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىنسا جىھاد قىلماي قالارسىلەرمۇ؟» دېدى. ئۇلار: «يۇرتلىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ۋە ئوغۇللىرىمىزدىن جۇدا قىلىنغان تۇرساق قانداقمۇ ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلمايلى؟» دېدى. ئۇلارغا

جىھاد پەرز قىلىنغان چاغدا، ئازغىنىسىدىن باشقا ھەممىسى جىھادتىن باش تارتتى. ئاللاھ زالىملارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر» سۈرە بەقەرە246-ئايەت»

چۈنكى، يۇرتىدىن چىقىپ كېتىش، ئوغۇللىرىدىن ئايرىلىش بولسا ئىنساننىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن جىھاد قىلىش ئۈرگۈپ چىقىدىغان تەبىئىي خۇسۇسىيەت؛ مادامىكى ئۇ ھايات بولسىلا «بىز يۇرتلىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ۋە ئوغۇللىرىمىزدىن جۇدا قىلىنغان تۇرساق قانداقمۇ الله يولىدا جىھاد قىلمايلى»

يۇرتىدىن قوغلاپ چىقىرىلىش، ئوغۇللىرىدىن جۇدا بۇلۇش، ئائىلىسىدىن، دوست-بۇرادەرلىرىدىن ئايرىلىش ئىنسان كۆڭلىگە نىسبەتەن ئەمەلىي قىيىن ئىش. شۇڭلاشقا بۇ توغرىسىدا بىر ھەدىس كەلتۈرۈلدى:

«بىر ئادەم رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ مەن الله يولىدا ھىجرەت قىلماقچى دېۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:«ۋاي ساڭا جەزمەن ھىجرەتنىڭ ئىشى ئىنتايىن قاتتىق» (ئىمام بۇخارى نەقىل قىلغان)

دىققەت ! مەسىلە سىز گۇمان قىلغاندەك ئاسان ئەمەس، سىز ئويلىغاندەك ئۇنداق ئوڭۇشلۇق ئاسان ئەمەس (ۋاي ساڭا! جەزمەن ھىجرەتنىڭ ئىشى ئىنتايىن قاتتىق)

ئۇ ئەمەلىيەتتە شۇنداق جاپالىق، قاتتىق ھەم ئېغىر، ئۇنىڭ ياراتقۇچىسى تەرىپىدىن بولغان ئىنسان كۆڭلىنى كىم تونۇشتۇردى؟ ئۇنىڭ ياراتقۇچىسى ئۇنىڭغا كىمدىن ۋەھىي قىلدى؟ اللە تەرىپىدىن بولغان ئىنسان تەبىئىتىنىڭ پىسخولوگىيەلىك ھادىسىلىرىنى كىم چوڭقۇر تونۇتتى؟ مۇشۇ سەۋەبلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :«ۋاي ساڭا! ھىجرەتنىڭ ئىشى جاپالىق، قاتتىق» دېدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن جاپا مۇشەققەتلىك ھەم قىيىن بولۇپمۇ يول باشلىغۇچىنىڭ كۆرسەتمىسى يوق بولغاندا تېخىمۇ قىيىن ئۇنىڭ ئۇچۇن تاغنىڭ چوققىسىغا يامىشىپ چىقىش ئاندىن تاغ چوققىسىدىن پەسكە چۈشۈش، ھايات بولسا ئوڭۇشلۇق بىلەن ئوڭۇشسىزلىق ئوتتۇرىسىدا ، تىللىرىنى بىلمەيدىغان ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا، ئۇلارنىڭ تىللىرى، ئادەتلىرى، ئەنئەنىلىرى ساڭا بەكمۇ غەلىتە تۇيۇلىدۇ. شۇنداق ئىنسان كۆڭلىگە نىسبەتەن ھەقىقەتەن قىيىن ئىش، چۈنكى، كۆڭۈلنىڭ تەبىئىتى ئۆزى ئاڭلاپ باقمىغان تىللارنى ئاڭلىسا بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ ھەمدە ئۇزۇن

مۇددەت كۆرمىگەن چىرايلارنى كۆرسە باشقىچە قورۇنۇپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ مۆئمىن بەندە بۇ ئىبادەتنى (ھىجرەت ئىبادىتىنى) ئەمەلگە ئاشۇرسا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياندىشىپ جىھاد ئىبادىتى كېلىدۇ. چۈنكى، بۇ اللەنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىشتىكى بىردىنبىر يول. «شەك شۈبھىسىزكى ئىمان ئېيتقانلار، اللە يولىدا ھىجرەت قىلغانلار ۋە جىھاد قىلغانلار ئەنە شۇلار اللەنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدىغانلار » جاپالىق ھىجرەت بىلەن بىرگە ياندىشىپ جىھاد كېلىدۇ چۈنكى، ئۇ ئىنسان بوينىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ئىش، يەتتە قات ئاسمان تۆپىسىدىن زېمىندا ئىزچىللىنىشى ئۈچۈن نازىل قىلىنغان اللەنىڭ بۇيرۇقى، ئۇ شەھىدلەرنىڭ بېشى بىلەن، ئىنسانلارنىڭ تەرى بىلەن، ئادەمنىڭ قېنى بىلەن ئۆز يولىدا ماڭىدۇ ھەمدە ھەربكەت پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. اللە ئەززە ۋەجەللە مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ تَوَفَّىٰهُمُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ ظَالِمِيٓ أَنفُسِهِمۡ قَالُواْ فِيمَ كُنتُمۡۖ قَالُواْ كُنَّا مُسۡتَضۡعَفِينَ فِي ٱلۡأَرۡضِۚ قَالُوٓاْ أَلَمۡ تَكُنۡ أَرۡضُ ٱللَّهِ وَٰسِعَةٗ فَتُهَاجِرُواْ فِيهَاۚ فَأُوْلَٰٓئِكَ مَأۡوَىٰهُمۡ جَهَنَّمُۖ وَسَآءَتۡ مَصِيرًا ٩٧﴾

« ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى ھجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇففارلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار) نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «(دىنىڭلارنىڭ ئىشىدا) قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «زېمىندا (يەنى مەككە زېمىنىدا) بىز (دىنىنى بەرپا قىلىشتىن) بوزەك قىلىنغان ئىدۇق» دەيدۇ. پەرىشتىلەر: «ھجرەت قىلساڭلار ئاللاھنىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟» دەيدۇ. ئەنە شۇ (ھجرەت قىلمىغان) لارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!»«سۈرە نىسا97 -ئايەت»

جان بەدەندىن چىقىپ بولغاندىن كېيىنكى سەكرات ۋاقتىدىكى قورقۇنۇچلۇق سوئال، سوئال سورىغۇچى كىم؟ پەرىشتىلەر... ئۇلار قوللىرىنى سوزۇپ:

﴿وَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّنِ ٱفۡتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا أَوۡ قَالَ أُوحِيَ إِلَيَّ وَلَمۡ يُوحَ إِلَيۡهِ شَيۡءٞ وَمَن قَالَ سَأُنزِلُ مِثۡلَ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُۗ وَلَوۡ تَرَىٰٓ إِذِ ٱلظَّٰلِمُونَ فِي غَمَرَٰتِ ٱلۡمَوۡتِ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ بَاسِطُوٓاْ أَيۡدِيهِمۡ أَخۡرِجُوٓاْ أَنفُسَكُمُۖ ٱلۡيَوۡمَ تُجۡزَوۡنَ

عَذَابَ ٱلۡهُونِ بِمَا كُنتُمۡ تَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ غَيۡرَ ٱلۡحَقِّ وَكُنتُمۡ عَنۡ ءَايَـٰتِهِۦ تَسۡتَكۡبِرُونَ ﴿٩٣﴾

«ئاللاھقا يالغان چاپلىغان ياكى ئۆزىگە ھېچ نەرسە ۋەھيي قىلىنمىغان تۇرۇقلۇق، ماڭا ۋەھيي قىلىندى دېگەن، ياكى ئاللاھ نازىل قىلغاندەك مەنمۇ كىتاب نازىل قىلالايمەن دېگەن كىشىلەردىنمۇ زالىم كىشىلەر بارمۇ؟ (ئى مۇھەممەد!) زالىملارنى سەكراتقا چۈشكەن ۋاقىتلىرىدا كۆرسەڭ (ئەلۋەتتە، قورقۇنچلۇق ھالىنى كۆرسەن)، پەرىشتىلەر (يەنى ئازاب پەرىشتىلىرى) قوللىرىنى سوزۇپ: «سىلەر جانلىرىڭلارنى چىقىرىڭلار! سىلەر ئاللاھ توغرىسىدا ھەقسىز سۆزلەرنى قىلغانلىقىڭلار (يەنى ئىپتىرا قىلغانلىقىڭلار، شېرىك كەلتۈرگەنلىكىڭلار، بالا نىسبەت بەرگەنلىكىڭلار) ۋە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەنسىتمىگەنلىكىڭلار ئۈچۈن، بۈگۈن خورلىغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر» دەيدۇ»

«سۈرە ئەنئام93-ئايەت »

ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن سوزۇلغان بۇ قوللار بولسا سوئال سورايدىغان ياكى سوئال سورىغان پەرىشتىلەرنىڭ ئۆزى ياكى قەبرىدە سىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان باشقا پەرىشتىلەر، ئۇلار سىزدىن سورايدۇ:«زېمىندا قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار» يەنى زېمىندا نېمە قىلىۋاتقان ئىدىڭلار ؟ نېمە ئۈچۈن

ھىجرەت، جىھادنىڭ ئىبادەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرمىدىڭلار؟ ئاللەنىڭ ھىجرەت قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ سىلەرگە سىلەرنى ھىجرەت قىلىشقا چاقىرىدىغان ئاللەنىڭ شەرىئىتى كەلمىدىمۇ ؟ مۇشۇنداق بولسا سىلەرگە نېمە بولدى؟ نېمە ئۈچۈن ھىجرەت قىلمايسىلەر؟ «ئۇلار بىز زېمىندا (دىنى ئىشلارنى بەرپا قىلىشتىن) بوزەك قىلىنغان ئىدۇق» دەيدۇ. بىز ئاللەنىڭ شوئارلىرىنى زېمىندا كۆتۈرۈشكە ئامالسىز قالدۇق. ئاللەنىڭ دىنىنى ئۆز ئەمەلىيىتىمىزگە تەتبىقلاشتىن ئاجىز كەلدۇق، بەزى ئاددىي بەلگىلىمىلەرنىمۇ ئېلان قىلىشقا قادىر بولالمىدۇق. مەسىلەن: ئايالىرىمىزنىڭ يۈگىنىشىگە ئوخشاش، ئۆزلىرىمىزنىڭ ساقاللىرىمىزغا ئوخشاش، بەش ۋاق نامازنى بىرگە ئادا قىلىشقا ئوخشاش مۇشۇ ئىشلاردىمۇ بوزەك قىلىندۇق، مۇشۇلارنىمۇ قىلىشقا قادىر بولالمىدۇق. «ئۇلار(بىز زېمىندا دىنى ئىشلارنى بەرپا قىلىشتىن) بوزەك قىلىندۇق دەيدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارغا :ئاللەنىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمۇ؟ ھىجرەت قىلساڭلار بولماسمىدى دەيدۇ»

قېرىندىشىم ئەھۋال مانا مۇشۇنداق، سېنىڭ يۇرتۇڭ قەيەر؟ ۋەتىنىڭ قەيەر؟ سەن تۇغۇلغان زېمىنىڭ بىر پارچىسىمۇ؟ سېنىڭ ئۆيۈڭ قەيەردە؟ سەن ئۆي سالغانمۇ؟ بىلگىنكى! سېنىڭ ئۆيۈڭ بولسا

جەننەتتە، مۇسۇلمانلارغا جەننەتتىن ئىبارەت بىر ئۆيدىن باشقا ئۆي يوق. ئۇ جەننەت بولسا اللەنىڭ دىنىنى زېمىندا ئۆز ئەمەلىيىتىگە تەتبىق قىلالىغان كىشىلەرنىڭ ئۆيى؛ ئۇ الله ئەززە ۋەجەللە قۇرئان كەرىمدە بايان قىلغانغا ئوخشاش اللەنىڭ دىنىنى زېمىندا ئەمەلىيلەشتۈرەلىگەن ھېچ بولمىغاندا ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرەلىگەن ئادەملەرگە مۇقىملاشتۇرۇلغان.

بۇنىڭغا بۇ ئايەت دەلىل:

﴿يَٰعِبَادِيَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِنَّ أَرۡضِي وَٰسِعَةٞ فَإِيَّٰيَ فَٱعۡبُدُونِ﴾

«ئى! ئىمان ئېيتقان بەندىلىرىم، مېنىڭ زېمىنىم ھەقىقەتەن كەڭرىدۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» (سۈرە ئەنكەبۇت 56-ئايەت)

اللەنىڭ زېمىنى كەڭرىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبادەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يارىتىلغان بۇ زېمىننىڭ بىر قىسمىدا ئەمەلگە ئاشمىسا باشقا بىر قىسمىغا بېرىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش زۆرۈر، ئەگەر بۇ يەردە ئەمەلگە ئاشمىسا ئۇ يەرگە بېرىپ ئەمەلگە

ئاشۇرۇش لازىم. ئەھۋال مانا مۇشۇنداق، ھەر قانداق قىلساڭمۇ بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

سەلەف سالىھلار (يەنى ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار) گۇناھلار، جىنايەتلەر، ئۆزلىرىگە بولغان مۇشرىك، كاپىرلارنىڭ ئەزىيەتلىرى ھەددىدىن ئاشقان ۋاقىتتا، ئۇلار بۇ رايوندىن باشقا رايونلارغا ھىجرەت قىلىپ بىرىپ ئۇ يەردە دىنى ئىشلار بىلەن ئەركىن بىمالال مەشغۇل بولدى، قانداق جايدا قانداق ماكاندا نامازلارنى تولۇق ئادا قىلغىلى بولمىسا، ئاياللار يۈگىنىشكە بۇيرۇغان كىيىملەرنى كىيىشكە مۇمكىن بولمىسا، قانداقلىكى جايدا ئىسلام دىنىنى يوقاتماقچى بولىدىكەن ۋە ئىسلام يىلتىزىنى قۇرۇتماقچى بولىدىكەن بۇنداق جايدا ھىجرەت قىلماي ياكى جىھاد قىلماي تۇرۇشقا قانداقمۇ مۇمكىن بولىدۇ ؟!

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ تَوَفَّىٰهُمُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ ظَالِمِيٓ أَنفُسِهِمۡ قَالُواْ فِيمَ كُنتُمۡۖ قَالُواْ كُنَّا مُسۡتَضۡعَفِينَ فِي ٱلۡأَرۡضِۚ قَالُوٓاْ أَلَمۡ تَكُنۡ أَرۡضُ ٱللَّهِ وَٰسِعَةً فَتُهَاجِرُواْ فِيهَاۚ فَأُوْلَٰٓئِكَ مَأۡوَىٰهُمۡ جَهَنَّمُۖ وَسَآءَتۡ مَصِيرًا ٩٧﴾

« ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى ھجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇففارلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار) نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «(دىنىڭلارنىڭ ئىشىدا) قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «زېمىندا (يەنى مەككە زېمىنىدا) بىز (دىنىنى بەرپا قىلىشتىن) بوزەك قىلىنغان ئىدۇق» دەيدۇ. پەرىشتىلەر: «ھجرەت قىلساڭلار ئاللاھنىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟» دەيدۇ. ئەنە شۇ (ھجرەت قىلمىغان) لارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!»«سۈرە نىسا97 -ئايەت»

بۇ ئايەت نازىل بۇلۇش سەۋەبى بىلەن مېنى بىر كاچاتلاپ ئاجىزلاتتى مېنى ھازىر قورقۇش، ئەنسىرەش ئىسكەنجىگە ئالدى. مەن بۇخارىدىن بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبلىرىنى ئوقۇۋاتىمەن. بۇ ئايەت ھجرەت قىلمىغان بىر قىسىم ساھابە مۆئمىنلەر توغرىسىدا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ ھجرەت قىلمىغان مۇشۇ مۆئمىنلەر توغرىسىدا نازىل بولغان، شۇنىڭ ئۇچۈن ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم... ئۇ نېمىدېگەن قورقۇنۇچلۇق جاي.

اللە بىلەن قەسەمكى بۇ قەلبلەرگە بەكمۇ ئېغىر!!

مۇسۇلمان بولغان كىشىلەر ئۇچۇن بولىدىغان بولسا بىزدەك سىلەردەك ئادەملەرگە نېمە بولار؟!

بۇخارىدا بۇ توغرىلىق مۇنداق دېيىلىدۇ :«بۇ ئايەت مەككىدە ھىجرەت قىلماي داۋاملىق تۇرۇپ قالغان ئەبۇ جەھىل بىلەن بىرگە بەدرى غازىتىغا قورقۇش، خىجىللىق ئىچىدە بىرگە جەڭگە قاتناشقان، جەڭ ئارىلىقىدا مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن مۇسۇلمانلار توغرىسىدا نازىل بولغان، بۇلارنى ئۆلتۈرۈپ سالغان ساھابىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا قايغۇرغان ھالدا كېلىپ مۇنداق دېدى:«بىز مەككىدىكى قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ سالدۇق».

بۇنىڭغا ئاساسەن قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى نازىل بولۇپ ئۇلارغا مۇنداق دېدى:«ياق، ئۇلار ئۆزلىرىنى مەككىدە (دىنىنى) بەرپا قىلىشتىن ئاجىز سانىغانلار... قاراڭلار ئۇلارغا پەرىشتىلەر نېمە دەۋاتىدۇ:

«سىلەر زېمىنىدا دىنىنى بەرپا قىلىشتا قانداق ھالەتتە ئىدىڭلار دەيدۇ، ئۇلار : بىز زېمىنىدا اللەنىڭ دىنىنى بەرپا قىلىشتىن ئاجىز ئىدۇق. (يەنى بوزەك قىلىنغان ئىدۇق) پەرىشتىلەر ئۇلارغا ھىجرەت قىلساڭلار بولمامدۇ؟ اللەنىڭ زېمىنى كەڭدۇر دەيدۇ. ئەنە شۇلارنىڭ جايى جەھەننەم، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان قارارگاھ».

قېرىنداشلار مەن سىلەرگە سۆزلەۋاتىمەن:

شۇنىڭ ئۈچۈن اللە ئەززەۋەجەللەنىڭ نەزىرىدە ھىجرەت ماكانى ئۇلۇغ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ يەردە مۇسۇلمان جەمئىيىتى ئۆز ئىسمى بىلەن باشقىلاردىن پەرقلىنىپ، مۇھاجىرلار(ھىجرەت قىلغۇچىلار) بۇ نام بىلەن غەلىبە قازىنىدۇ. ھىجرەت سۆزى سەممىيلىك، راستچىللىق بىلەن مەنىداش بولۇپ قالىدۇ. اللە ئەززەۋەجەللە ھىجرەت قىلغۇچىلارنى سادىق، سەممىي كىشىلەر دەپ ئاتايدۇ. لېكىن، ئۇ ئەنسارلارنى نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىلەر دەپ ئاتاپ سەممىي سادىق كىشىلەر دەپ ئاتىمىدى اللە ئەززەۋەجەللەنىڭ بۇ توغرىلىق نېمە دەيدىغانلىقىغا قاراڭ:

(لِلْفُقَرَآءِ ٱلْمُهَـٰجِرِينَ ٱلَّذِينَ أُخْرِجُوا۟ مِن دِيَـٰرِهِمْ وَأَمْوَٰلِهِمْ يَبْتَغُونَ فَضْلًا مِّنَ ٱللَّهِ وَرِضْوَٰنًا وَيَنصُرُونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥٓ ۚ أُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلصَّـٰدِقُونَ ﴿٨﴾)

«(ئۇ غەنىمەتنىڭ بىر قىسمى) دىياردىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلغان پېقىر مۇھاجىرلارغا خاستۇر، ئۇلار ئاللاھنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، ئاللاھقا

ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىدۇ، ئەنە شۇلار (ئىماندا) سادىق ئادەملەردۇر »(سۈرە ھەشىر 8-ئايەت)

ئەمما الله ئەززە ۋەجەللە مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلار توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

(وَٱلَّذِينَ تَبَوَّءُو ٱلدَّارَ وَٱلۡإِيمَـٰنَ مِن قَبۡلِهِمۡ يُحِبُّونَ مَنۡ هَاجَرَ إِلَيۡهِمۡ وَلَا يَجِدُونَ فِي صُدُورِهِمۡ حَاجَةً مِّمَّآ أُوتُواْ وَيُؤۡثِرُونَ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمۡ وَلَوۡ كَانَ بِهِمۡ خَصَاصَةٞۚ وَمَن يُوقَ شُحَّ نَفۡسِهِۦ فَأُوْلَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ٩)

«ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئەتى) دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر»(سۈرە ھەشىر 9-ئايەت)

شۇڭلاشقا ھىجرەتنىڭ دەرىجىسى ھەممىدىن ئۈستۈن چۈنكى، ئۇ جىھاد ئۇنىڭسىز مۇكەممەللەشمەيدىغان

ھىجرەت مەنزىلگاھىغا يېقىن، بۇ توغرىلىق اللە ئەززە ۋەجەللەنىڭ بۇ سۆزىگە قۇلاق سېلىڭ:

(۞ وَمَن يُهَاجِرۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ يَجِدۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ مُرَٰغَمٗا كَثِيرٗا وَسَعَةٗ)

«كىمكى ئۆيىدىن اللە يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن ئۇ زېمىندا چىقىش يولى ۋە كەڭچىلىك تاپىدۇ» (سۈرە نىسا 100-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

چىقىش يولى- زېمىندا ئىسلام بايرىقى تىكلەيدىغان، اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بىمالال ئىجرا قىلىدىغان ئورۇن شارائىتىنى كۆرسىتىدۇ.

كەڭچىلىك- كەڭ، باياشات رىزىققا دۇنيانىڭ ئۆزىدىلا ئېرىشىدۇ دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

(۞ وَمَن يُهَاجِرۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ يَجِدۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ مُرَٰغَمٗا كَثِيرٗا وَسَعَةٗ)

«كىمكى ئۆيىدىن اللەنىڭ ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ تەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ چىقسا

ئاندىن يولدا ئۆلسە ئۇنىڭ ئەجرىنى اللە چوقۇم بېرىدۇ» (سۈرە نىسا 100-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ياخشىلىقى، ساۋابى، رىزقى ئۇلارغا تۆكۈلدى:

(وَمَن يَخۡرُجۡ مِنۢ بَيۡتِهِۦ مُهَاجِرًا إِلَى ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ ثُمَّ يُدۡرِكۡهُ ٱلۡمَوۡتُ فَقَدۡ وَقَعَ أَجۡرُهُۥ عَلَى ٱللَّهِۗ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا ۝١٠٠)

«كىمكى ئۆيىدىن اللەنىڭ ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ تەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ چىقسا ئاندىن يولدا ئۆلسە ئۇنىڭ ئەجرىنى اللە چوقۇم بېرىدۇ. اللە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» (سۈرە نىسا 100-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

اللە ئەززە ۋەجەللە ئۆز پەزلىنى، رەھمىتىنى قانداق خالىسا ئۆز خاھىشى بويىچە بېرىدۇ:«ئۇنىڭ ئەجرىنى اللە چوقۇم بېرىدۇ» ئەڭ چوڭ ئەجىر، ئىنتايىن كۆپ ساۋاب ، ئىنتايىن كۆپ نازۇ-نىئمەتلەرنى ھىجرەت قىلغانلىق سەۋەبىدىن بېرىدۇ. ئىززەتلىك پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا كېپىللىك قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:ئۇنىڭ جايى مېنىڭ دەرگاھىمدا بولىدۇ . مەن ئۇنى ئۇ مېنىڭ

دەرگاھىمغا كەلگەندە ئاندىن ئۇنى ئۇنىڭغا ئاشكارا قىلىمەن «ئۇنىڭ ئەجرىنى اللە چوقۇم بېرىدۇ» «اللە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر».

كىمكى اللە ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئۈچۈن ھىجرەت قىلىپ ئۆيىدىن چىقىدىكەن ئۇ بۇ دۇنيادا چىقىش يولى، كەڭچىلىك تاپىدۇ، ئاخىرەتتە قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە كاتتا ئەجىرگە ئىگە بولىدۇ .

مەن بۇنىڭ ئۆزىنى كوممۇنىستلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ئىلگىرى چارپادىشانىڭ ھۇجۇمىدىن قېچىپ چىققان (چەركىس) ۋە(چېچىنىيلىك)نىڭ ئۆزىدە كۆردۈم. ئۇلار رۇسىيەنىڭ ھۇجۇمىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن شەرقىي ئىيوردانىيەنىڭ ھېچقانداق ئۆي، چېدىر ، دەل-دەرەخ بولمىغان بىر تاغلىق چۆلگە كېلىپ ئورۇنلاشقان ئىدى.

بۇ (چېچىنىيەلىك)لەرنىڭ بىرى ئەتىدىن كەچكىچە جاپالىق ئىشلەپ ئاران بىر نان كەلگىدەك پۇلغا ئېرىشەلەيتتى. ئۇلار دۇنيالىقتىن ھېچ نەرسىگە ئىگە ئەمەس بولۇپ ، ئۇلارغا ئىيوردانىيەدە بىر قىسىم تاقىر(ئۇنۇمسىز) يەرلەر بېرىلدى.

1948-يىلى پەلەستىن زېمىنىغا ئاپەت كەلدى. ئادەملەر پەلەستىن زېمىنىدىن ھىجرەت قىلىپ

چىقىپ كەتتى. 1967- يىلى ئاپەت پەلەستىن زېمىنىنىڭ ھەممىسىگە تۇتاشتى. بۇ ۋاقىتتىنا پەلەستىن يەھۇدىي قىساسچىلىرىنىڭ ئاياغ ئاستىدا قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شەرقىي ئىيوردانىيەدە يېتىپ كەلدى. مانا ئۇلار مۇشۇ يەردە كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتتى. ئۇنى ئۇلارنىڭ دادىسى تاپمىغان ھەم ئېرىشەلمىگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بالىلىرى تاپتى ۋە ئېرىشتى. ئاتا-ئانىلىرى دۇئا قىلىدۇ. بالىلىرى رىزىققا ئېرىشتى.

(وَأَمَّا ٱلۡجِدَارُ فَكَانَ لِغُلَٰمَيۡنِ يَتِيمَيۡنِ فِي ٱلۡمَدِينَةِ وَكَانَ تَحۡتَهُۥ كَنزٞ لَّهُمَا وَكَانَ أَبُوهُمَا صَٰلِحٗا فَأَرَادَ رَبُّكَ أَن يَبۡلُغَآ أَشُدَّهُمَا وَيَسۡتَخۡرِجَا كَنزَهُمَا رَحۡمَةٗ مِّن رَّبِّكَۚ وَمَا فَعَلۡتُهُۥ عَنۡ أَمۡرِيۚ ذَٰلِكَ تَأۡوِيلُ مَا لَمۡ تَسۡطِع عَّلَيۡهِ صَبۡرٗا ﴿٨٢﴾)

« تامغا كەلسەك، ئۇ شەھەردىكى ئىككى يېتىم بالىنىڭ ئىدى، تام ئاستىدا ئۇلارنىڭ (ھەققى بولغان) خەزىنىسى بار ئىدى (تام ئۆرۈلۈپ كەتسە، خەزىنىسى ئېچىلىپ قېلىپ كىشىلەر ئۇنى ئېلىپ كېتەتتى)، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ياخشى ئادەم ئىدى.

پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ چوڭ بولغاندا تام ئاستىدىكى خەزىنىسىنى چىقىرىۋېلىشىنى ئىرادە قىلدى، بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارغا قىلغان) رەھمىتىدۇر، ئۇنى (يەنى يۇقىرىقى ئۈچ ئىشنى) مەن ئۆز خاھىشىم بويىچە قىلغىنىم يوق (بەلكى ئۇنى ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە ئىلھامى بىلەن قىلدىم)، سەن سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان نەرسىلەرنىڭ ھەقىقىتى ئەنە شۇ»(سۈرە كەھف 82-ئايەت)

شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئاتا-ئانىسى ياخشى بولغان ھېلىقى ئىككى يېتىمنىڭ چوڭ بولۇپ ئۇلار ئۇنىڭدىن ئۆز (ھەققى) بولغان غەزىنىسىنى چىقىرىۋالغۇچە ئۆز پېتى قېلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ياخشىلىقى ۋە تەقۋالىقى سەۋەبىدىن ئۇلار ياخشى رىزىققا ئېرىشتى. بىر قىسىم تەپسىرلەردىكى رىۋايەتلەردە ئۇلارنىڭ 7- بوۋىسى ياخشى ئادەم ئىدى دېيىلگەن. «كىمكى اللە ۋە اللەنىڭ رەسۇلى ئۈچۈن ھىجرەت قىلىدىكەن ئۇ (زېمىندا) چىقىش يولى ۋە كەڭچىلىك تاپىدۇ»

# خوش بېشارەتلەر

اللە يولىدا ھىجرەت قىلغان قېرىنداشلار! خۇشال بۇلۇڭلار، اللە ئۆز پەزلىدىن سىلەرنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ:«كىمكى اللە يولىدا ئۆز ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ ھىجرەت قىلىپ چىقىدىكەن ئۇنى چايان چاقسۇن، ئۇلاغ ئۈستىدىن يىقىلسۇن، قانداق ئۆلۈمدە ئۆلسە ئۆلسۇن ئۇ شەھىد» (ئىمام مۇسلىم نەقىل قىلغان) سەھى مۇسلىمدا «كىمكى اللە يولىدا ئۆلسە ئۇ-شەھىد بولىدۇ »دەپ قەيت قىلىنغان.

بىزنىڭ بىر قىسىم قېرىنداشلىرىمىز شەھىد بولغان قېرىندىشىمىز يەھيا توغرىسىدا ئۇ ئافغانىستاندا شەھىد بولۇپ يېقىلغان شەھىد بىلەن ئوخشاش شەھىد ھېسابلىنامدۇ؟ دەپ ئۆز-ئارا سورىشىۋاتىدۇ.

مەن سىلەردىن سوراپ باقاي:- اللە سىلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، (جاجى)دىكى كوممۇنىستلار ئوقى بىلەن شەھىد بولغانلار بىلەن (تېرمىنگىل)دىكى كوممۇنىستلار ئوقىدا شەھىد بولغانلارنىڭ پەرقى نېمە؟ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ نەزىرىدە چېگرا مەسىلىسى ئېتىبارغا ئېلىنامدۇ؟! پاكىستاننىڭ (تىرمىنگىل) تاغ تۈۋىدە

ئۆلگەن يىگىت شەھىد ھېسابلىنامدۇ؟ مۇشۇمۇ سوئال بولدىمۇ؟ دۇنياۋى بۇددىنىڭ خاراكتېرىنى بىلىدىغان، چۈشىنىدىغان بىر ئاقىل كىشى مۇشۇنداقمۇ سوئالنى سورامدۇ؟ مەن ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ھەسەننىڭ «مەيئوت» دېگەن كىتابىدا ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرىنىڭ مۇنداق سوئال سورىغانلىقىنى ئوقۇغان ئىدىم: ئۇنىڭ شاگىرتى ئى ئۇستاز بىر ئادەم بۇلاڭچىلارنى توسۇش ئۈچۈن چىقسا بۇلاڭچىلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسە بۇنىڭ ھۆكمى نېمە بولىدۇ ؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ بۇنى ئاڭلاپ: شەھىد بولىدۇ ، ئۇ غۇسلى قىلىنمايدۇ، كېپەنلەنمەيدۇ ئۆز كىيىمىگە يۆگەپ دەپنە قىلىنىدۇ، دەپ بەرگەن.

«مۇختەرى قەدۇرى» دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن : بىر ئادەم بۇلاڭچىلارنى توسۇش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ئۇلارنى توسالماي ئۆلتۈرۈلسە شەھىدكە ئوخشاش بولىدۇ . ئۇنى غۇسلى قىلماي، كېپەنلىمەي، ئۆز كىيىمى بىلەن دەپنە قىلىش لازىم. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ئۇنداق كىشىنى شەھىد دېگەن. «كىمكى ئۆز مېلىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆلسە ئۇ شەھىد».

مۇبادا ئۇ ئۆي ئىچىدىكى ماللىرىنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى ئۇ ئۇلاغقا مىنىپ ئۆز مۇھىتىنى ئۆزگەرتىشنى ئىرادە قىلسا ياكى زېمىندا ساياھەت

قىلىپ اللەنىڭ كائىناتتىكى قۇدرەتلىرىنى بىلىشنى ئىرادە قىلىپ ساياھەتكە سەپەر قىلسا ئۇ مۇشۇ سەۋەبتىن ئۆلتۈرۈلسە ئۇ شەھىد ھېسابلىنىدۇ. ھەرقانداق تىرىك ياشاۋاتقان قېرىندىشىمىز اللە يولىدا ھىجرەت قىلىپ چىقسا ئۇ شۇ سەۋەبتىن ئۆلتۈرۈلسە شەھىد ھېسابلىنىدۇ.

مەن ھەج كۈنلىرى جىددىدە بولغان ئىدىم. ئۇنىڭ (يەھيانىڭ) ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە ئانىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇلار يەھيانى ئۇنىۋېرسىتېتقا قايتۇرۇپ ئەكېتىش ئۈچۈن يېرىم سائەتچە ئىزدەپ تاپتى، ئاندىن ئۇنىڭغا: ئۇنىۋېرسىتېت بۇ پەسىللىك ئوقۇشنى باشلىدى، يەھيا، شۇڭا سەن قايتىپ بارمىساڭ بولمايدۇ دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان يەھيا ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى رەت قىلىپ مۇنداق دېدى: مەن سىلەرنى ئۇنتۇپ كەتتىم، ئۇنىۋېرسىتېتنى ئۇنتۇپ كەتتىم، مەن جەننەتنى ئىرادە قىلىۋاتىمەن، شەھىد بولمىغۇچە ھەرگىز قايتمايمەن، شۇنداق قىلىپ ئۇ اللە يولىدا ھىجرەت قىلىپ چىقتى. ئۇ ئۆز مېلىنى قوغداش ئەمەس مۇھاجىرلارنىڭ مېلىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆلدى. ئۇ رىبات زېمىنىدا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ غازاتقا تەييارلىق قىلىۋېتىپ ئۆلدى. بۇ تۆت خىل ئەھۋال. بۇ ئەھۋالنىڭ بىرى ئۇنىڭ شەھىدلىك مەرتىۋىسىگە

ئېرىشىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك لېكىن، بىز ئۇنىڭغا چوڭ مەيداندا شەھىد بولغان شەھىدقا ئوخشاش مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلامدۇق-؟ بىز ئۇنىڭغا قانداقمۇ جەڭ مەيدانىدا شەھىد بولغان شەھىدقا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلمايلى؟!

بۇنى فىقھى شۇناسلارنىڭ سۆزىمۇ ئىسپاتلايدۇ: ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ:« بارلىق نەقلىياتلار ئوسمان ئىبنى ئەففاننىڭ شەھىد ھېساپلىنىدىغانلىقىغا بىردەك قوشۇلۇپ ئۇنى غۇسلى قىلمىدى، كېپەنلىمىدى... ئوسمان ئىبنى ئەففان گەرچە ئۆز ئۆيىدە ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنى غۇسلى قىلماي، كېپەنلىمەي، نامىزىنى ئوقۇماي، ئۆز كىيىمى بىلەن دەپنە قىلىندى، ئۇ اللە ئەززە ۋەجەللە بىلەن ئۆز جاراھەتلىرىدىن قانلار ئېقىپ تۇرغان پېتى ئۇنىڭ قانلىرىنىڭ پۇرىقى ئىپار پۇرىقىدەك پۇراۋاتقان ھالدا ئۇچرىشىدۇ»

ئۇنداقتا ئۆز دىياردىن، ئائىلىسىدىن چىقىپ ئۆلتۈرۈلگەن كىشى قانداقمۇ شەھىد ھېسابلانمايدۇ؟!!

مەن ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا يازغان خېتىنى ئۇ شەھىد بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئوقۇپ (ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم) ئۇ ئۆز خېتىدە ئۇلارغا مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا ھەرگىز قايتىپ بارمايمەن، سىلەر مېنى

يوقلاپ كەلسەڭلار ، 16 ئايدىن ئىلگىرى يوقلاپ بارمايمەن، مەن تۇرۇۋاتقان جايدىكى ھەممە ئىش ئىنتايىن قىيىن جاپا-مۇشەققەتلىك: قاتتىق سوغۇق، كۈندۈزلىرى قاتتىق ئىسسىق، تاماقلىرى ناچار، تاغلىرى قورقۇنۇچلۇق، ھەممە نەرسە ماڭا يات بولسىمۇ لېكىن، مەن ھەقىقىي بەخت چوققىسى ئۈستىدە تۇرۇۋاتىمەن، چۈنكى، مەن سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا ئورۇنلاشقا قادىر بولالمىغان ئىشنى بىر يىل ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋاقىتتا ئورۇنلاپ بولىدىغانلىقىمنى ھېس قىلىۋاتىمەن اللە خالىسا...

شۇنىڭ ئۈچۈن قېرىنداشلار

بىزنىڭ ئېسىمىزدە اللە يولىدا ھىجرەت قىلىپ چىققان ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆلسە شەھىد بولۇپ ئۆلىدىغانلىقى ئېنىق بولۇشى لازىم. سەھى مۇسلىمدا «كىمكى اللە يولىدا ئۆلسە ئۇ شەھىد» دەپ نەقىل قىلىنغان.

كىمكى اللە يولىدا ئۆلسە :يەنى رىبات زېمىنىدا ياكى ئۇرۇش مەيدانىدا ياكى ئۇنىڭدىن باشقا جايدا ئۆلسۇن ئۇ ئۆلتۈرۈلسە شەھىد.

ئىبنى مۇبارەك نەقىل قىلغان ئۇنىڭ (كىتابۇل جىھاد) دا تابىئىن فەزالە ئىبنى ئۇبەيدەدىن مەشھۇر بىر نەقىل قىلىنغان : ئۇلار رىملىقلارنىڭ بىر شەھرىدە

بولغان غازاتتا مۇھاجىرلارنىڭ بىرى ئۆلۈپ كەتتى، يەنى كاپىرلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، ئۇلاردىن بەزىلىرى ئۆزى ئۆلۈپ قالغاننى دەپنە قىلدى؛ بەزىلىرى كاپىرلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەننى دەپنە قىلدى، ئاندىن كېيىن فەزالە ھېلىقى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان مۇھاجىرنىڭ بېشى تەرىپىدە ئولتۇرغان ئىدى. مۇھاجىرلار فەزالەگە مۇنداق دېدى: سەن شەھىد بولغان كىشىنى تەرك ئېتىپ، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان كىشىنىڭ بېشىدا ئولتۇرامسەن ؟! بۇنى ئاڭلىغان فەزالە ئۇلارغا مۇنداق دېدى: اللە بىلەن قەسەمكى مەن ئۇچۇن بۇ ئىككى قەبرىنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق. چۈنكى، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئورنى بىر. اللە ئەززە ۋەجەللە بۇ توغرىلىق مۇنداق دېگەن: «اللە يولىدا ھىجرەت قىلغان ئاندىن(جەڭ مەيدانىدا) ئۆلتۈرۈلگەن ياكى (كېسەل بىلەن) ئۆلسۈن، ئۇ شەھىد.»

## ئىككىنچى خۇتبە

جىمى ھەمدۇ سانا بارلىق سەلتەنەت اللەغا خاستۇر، رەھمەت، تىنچلىقلار بىزنىڭ يېتەكچىمىز اللەنىڭ رەسۇلى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھقا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە شۇلارغا ئەگىشىپ

ماڭغان كىشىلەرگە بولسۇن. مەلۇمكى بىر قىسىم قېرىنداشلىرىمىز جەڭ مەيدانلىرىدا خاتا ئۆلتۈرۈلۈپ قالغان ۋە رىبات زېمىنىدا ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە شەھىدلىق ئەجرى بېرىلمەيدۇ دەپ گۇمان قىلىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ سوئال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىنمۇ سورالغان ئىدى. ئۇلار مۇنداق دەپ سورىغان :«يا رەسۇلۇللاھ بىر ئادەم قىلىچىنى ئېسىپ چىقىپ ئۇ جەڭ قىلماي ئۆلتۈرۈلسە ئۇ شەھىد بولامدۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ شەھىد بولىدۇ . مەن بۇنىڭغا گۇۋاھ دەپ جاۋاب بەردى، ئاندىن ئۇنى ئۇلارغا قانلىرى ئېقىپ تۇرغان پېتى ئۆز كىيىملىرى بىلەن دەپنە قىلىشقا بۇيرىدى» (ئەبۇ داۋۇت نەقىل قىلغان) ئۇلارنى غۇسلى قىلمىدى ۋە كېپەنلىمىدى...

ئامىر ئىبنى ئەكۋا خەيبەر غازىتىدا يەھۇدىيلارنىڭ قوماندانى مەرھەب بىلەن مۇبازىگە چۈشكەن ئىدى. ئۇ دۈشمەنگە قىلىچىنى ئاستىدىن ئايلاندۇرۇپ سالماقچى بولغان ئىدى ئامىرنىڭ قىلىچى ئويلىمىغان يەردىن ئۆزىگە تېگىپ كېتىپ ئۆلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا خەيبەر غازىتىدا شەھىد بولغانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلدى ھەمدە ئۇنى خەيبەر شەھىدلىرىدىن ئايرىپمۇ قويمىدى. بەلكى، ئامىر كۆپىنچە ھاللاردا رەسۇلۇللاھنىڭ تىلىغا ئېلىنىپ تۇردى ياكى ئۇنىڭ قېرىندىشى

ساھابە سەلەمە ئىبنى ئەكۋانىڭ تىلىغا ئېلىنىپ ئەسلىنىپ تۇردى.

شۇڭا مۇجاھىدلارنىڭ خاتا ئۆلتۈرۈلۈپ قالسۇن ياكى مۇناپىقلارنىڭ قولى بىلەن زۇلۇم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلسۇن ياكى بۇلاڭچىلارنى ئوغرىلارنى توسۇش ئۈچۈن چىقىپ ئۆلتۈرۈلسۇن ياكى بەغماندا ياكى بەزار شەرىفىدە ياكى بىرۋاندا مۇشۇ جايلارنىڭ قايسى بىرىدە ئۆلتۈرۈلسۇن ياكى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلسۇن ئۇ اللە يولىدا شەھىد بولغان بولىدۇ .

شۇنىڭ ئۈچۈن قېرىنداشلار! سىلەر بىزنىڭ قېرىندىشىمىز يەھيانىڭ شەھىدلىقى گۇمانىي قاراشلىرىڭلارنى ۋە ئەنسىرىشىڭلارنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن، شۇبھىلەنمەستىن قەلبىڭلاردىن چىقىرىپ تاشلاڭلار. بۇ شەھىدنىڭ شەھىدلىقى توغرىسىدا مۇستەھكەم ئىشەنچىدە بولۇپ تىلىڭلار قالايمىقان سۆزلەشتىن توختىسۇن.

سىلەر ئۇنىڭ قىپقىزىل قانلىرى ئارىسىدىن اللە كۆرسەتكەن كارامەتنى كۆردۇڭلار بۇ يەردە ئولتۇرۇۋاتقان بىر قىسمىڭلار مۇنداق دېدىڭلار: بىز بىر يۈز ئەللىك مېتىر يىراقلىقتىن ئىپار پۇرىقىنى پۇرىدۇق. ئۆيدىن يىراق تۇرۇپ ئىپارنىڭ خۇش پۇرىقىنىڭ گۇپۇلدەپ دىماغقا ئۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇق. ئەتىرنىڭ ئېتىلىپ چىقىۋاتقان پۇراقلىرىنى پۇرىدۇق.

سىلەردىن بىرەيلەن ماڭا مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى: ئۇ ئۆيىگە قايتىپ خوتۇنىنىڭ ئالدىغا كىرگەندە خوتۇنى ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ: سىز ئەتىر ئىشلەتتىڭىزمۇ؟ ئۇ:-ياق، اللە بىلەن قەسەمكى مەن ھېچقانداق خۇشپۇراق ئىشلەتمىدىم، مەن پەقەت شەھىدلەرچە جەڭ قىلدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن قېرىنداشلار سىلەر يەر شارىدىكى قايسى بىر ماكاندا ئۆلتۈرۈلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ شەھىدلىق دەرىجىسىدىن كۆڭۈللىرىڭلارغا كېلىپ قالىدىغان شەك-شۈبھىدىن ساقلىنىڭلار. ئەگەر ئۇ اللە يولىدا چىققان بولسا: «اللە يولىدا ھىجرەت قىلغان ئاندىن(ئۇرۇش مەيدانىدا) ئۆلتۈرۈلگەن ياكى (كېسەل) بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە اللە ئەلۋەتتە ياخشى رىزىق (جەننەتنىڭ نازۇ-نېئمەتلىرىنى) ئاتا قىلىدۇ» شەك شۈبھىسىزكى، رىزىق بەرگۈچىنىڭ ئەڭ ياخشىسى اللە ئۇلارنى ، ئۇلار رازى بولىدىغان (جەننەتكە كىرگۈزىدۇ). اللە ئەلۋەتتە (ئۇلارنىڭ نىيەت-ئەمەللىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر ناھايىتى ھەلىمدۇر.

بىز اللەدىن نىيەتلىرىمىزنى خالىس، ساپ قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز. بىزنىڭ ھىجرىتىمىزنى قوبۇل قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز. بىزنى ئىلگىرىكى مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار بىلەن جەمئىي قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز. قايسى جايدا ئۆلسەك شەھىدلىك ئەجرىدىن مەھرۇم قىلماسلىقىنى ئۈمىد

قىلىمىز. مەيلى بىز قايسى ماكاندا ئۆلسەك، ئۆز يولىمىزدا مۇستەھكەم تۇرۇپ ئۆلۈك سول تەرەپلىرىمىزگە قاراپ قالماسلىقىمىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

قېرىنداشلار! اللە سىلەرنىڭ ئىتائىتىڭلارنى قوبۇل قىلىدۇ، سىلەرنىڭ ئەجرىڭلارنى مۇستەھكەم قىلىدۇ. بىز اللەدىن نىيەتلىرىمىزنى خالىس قىلىشنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ياردەم بېرىشنى ئۈمىد قىلىمىز، ئەگەر بىز ھىجرەتنىڭ جاپا مۇشەققەتلىرىگە ئۇچراپ قالساق بىزنى مۇستەھكەم قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز؛ بىز بۇ ئارقىلىق ناھايىتى شەپقەتلىك مېھرىبان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەدىن مەرھەمەت، كۆپ كاتتا ئەجىر، ئەڭ ھۆرمەتلىك بولۇشنى ئۈمىد قىلىمىز، سىلەرگە اللە بىلەن قەسەم قىلىپ ئېيتىمەنكى: ئىززەت ئىگىسى اللە بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنى ھۆرمەتلىك قىلسا ئۇلار ئۆيلىرىدە بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قوللىرى ئارقىلىق كارامەتلەر زاھىر بولىدۇ ، ۋە ئەگەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە سالىھ، مۇتتەقى، تەقۋادار بولغان ھەر قانداق مۇسۇلماننى دوست ھېسابلىماقچى ياكى دوست تۇتماقچى بولسا ئەگەر ئۇ ھىجرەت قىلمىسا اللە ئۇچۇن ھەرگىز دوست بولالمايدۇ، ئەگەر ئۇ ھىجرەت قىلىپ اللە يولىدا

جىھاد قىلمىسا ھەرگىزمۇ ئاللاھنىڭ دوستلىرىدىن بولالمايدۇ.

(ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَكَانُواْ يَتَّقُونَ ﴿٦٣﴾)

« ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر» (سۈرە يۇنۇس63-ئايەت)

﴿ لَيْسَ عَلَى ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ جُنَاحٌ فِيمَا طَعِمُوٓاْ إِذَا مَا ٱتَّقَواْ وَّءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ ثُمَّ ٱتَّقَواْ وَّءَامَنُواْ ثُمَّ ٱتَّقَواْ وَّأَحْسَنُواْ ۗ وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٩٣﴾﴾

«ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر (ھارام قىلىنمىغان نەرسىلەرنى) يېسە، ئىچسە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، قاچانكى ئۇلار (ھارام نەرسىلەردىن) ساقلانسا، ئىماندا ۋە ياخشى ئەمەللىرىدە ئىزچىل بولسا، ئاندىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) يەنە ساقلانسا ۋە ھارام دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئاندىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن داۋاملىق) ساقلانسا ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلسا، ئاللاھ ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ»(سۈرە مائىدە 93)

ئۆز ۋاقتىدا قۇدامە ئىبنى مەزئۇن بىر كۈنى ھاراق ئىچىپ قويۇپ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بانا سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ قارشىلىق بىلدۈردى؛ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ھاراق ئىچكەنلىك سەۋەبىدىن دەررە (ئىسلام دىنىدىن جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى گۇناھىنىڭ سەۋەبىدىن ئەدەپلەش ئۇچۇن ئۇرۇلىدىغان قامچا) ئۇرۇشقا بۇيرۇغان ئىدى. ئۇ ئى ئۆمەر سېنىڭ بۇنداق قىلىشىڭ ماڭا نىسبەتەن يوللۇق بولمىدى. چۈنكى، الله مۇنداق دېگەن:«ئىمان ئېيتقان ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر (ھارام قىلىنمىغان نەرسىلەرنى) يېسە، ئىچسە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ» ئۇ بۇ ئايەتنى مۇشۇنداق چۈشەنگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر دەرھال يىغىلىشىپ قۇدامەنىڭ ئىشى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپ كېڭەشتى ئاندىن مەسلەھەتتىن كېيىن ئۇلار قۇدامە ھاراق ئىچىشكە ئىنتىلىپ ئۇنى ئىچىپ خاتا قىلدى. ئۇنى دەررە ئۇرۇڭلار ئۇ ھاراق ئىچىشنى ھالال دەپ گۇمان قىلسا ياكى مۇشۇنداق ئېتىقاد قىلسا ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار! چۈنكى، ئۇ مۇرتەد بولىدۇ . ئاندىن قۇدامەگە مۇنداق دېدى: سەن ھاراق ئىچىشنى ھالال سانامسەن ؟! قۇدامە مۇنداق دېدى: ياق، مەن بۇنىڭغا ئىنتىلىۋاتىمەن. بۇنى ئاڭلىغان كېڭەش ئەھلى ئۇنداقتا ئۇنى دەررە ئۇرۇڭلار دېدى. قۇدامە ئىبنى مەزئۇن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۆزىنىڭ ھىجرەت

قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن بانا كۆرسەتتى. چۈنكى، ھىجرەتنىڭ ئىشى ئىنتايىن جاپالىق ئىش. لېكىن، ئۇنىڭ ساۋابى، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئىنتايىن كاتتا قايىسى بىر مەرتىۋە ياكى قايىسى بىر ئالىيجاناب ئىش ئۇچۇن كىشىلەر ئۆز ئائىلىسىنى، ئۆز يۇرتىنى، ئۆز دوست بۇرادەرلىرىنى ۋە خىزمەت ۋەزىپىسىنى (جەمئىيەتتىكى ئابرۇي مەنسىپىنى) تاشلاپ اللە ۋە اللەنىڭ رەسۇلىنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىشكە ۋە اللە يولىدا مۇسۇلمانلاردىن ئازاب-كۈلپەتلەرنى ئېلىپ تاشلاشقا، ئىسلام بايرىقىنى تىكلەشكە چىقىدۇ.

قەيەردە مۇستەھكەم تۇرغان ئالىيجانابلىق ۋە پىداكارلىق؟ بىز دىنىمىزنى يوقاتساق ئۇنى قوغدايدىغان ئىمانى بار ئەرلەر قەيەردە؟ قەيەردە ئالىيجانابلىق؟ قەيەردە ئادەمگەرچىلىك؟ قەيەردە بىز كىتابنى تاشلىساق، ئۇنى مەردانىلىق بىلەن قولىغا ئالىدىغان ؟! مەردانە يىگىتلەر؟! ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان، ئېغىزلىرىغا بىر كاپام كەلگۈدەك ئوزۇقلۇق تاپالمايۋاتقان، مۇجاھىدلارنىڭ بالىلىرىنى بۇ خىل مۇشكىلاتلاردىن چىقىرىشقا سەپەرۋەرلىك قىلىمىدۇقمۇ؟ ياردەم سورىمىدۇقمۇ؟...

# ھىجرەت ۋە تەييارلىق ھەققىدە(1)

بىز ئىلگىرى اللە سىلەرگە بەرگەن نىئمەتلىرىنى سىلەرگە خاس قىلغان پەزلىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق ۋە بۇ نىئمەتلەرنى اللە ئىسلام ئۇممىتىدىن باشقا ئۇممەتكە خاس قىلمىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدۇق.

بارلىق مۇسۇلمانلار جامائەسىدىن سىلەرگە بۇ كاتتا شەرەپنى ئاتا قىلدى. مۇسۇلمان ئۇممەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇخلاۋاتقان ۋاقىتتا سىلەرگە جىھادنىڭ تۇغىنى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت شەرەپنى نېسىپ قىلدى... بۇ ھېس تۇيغۇدا قالغان جىھادنى تىرىلدۈرۈش شەرىپىنى نېسىپ قىلدى. مۇسۇلمانلار ئەمەلىيىتىدىن غايىب بولغان ئۇرۇشنىڭ ئىبادەت ئىكەنلىكىنى تىرىلدۈرۈش شەرىپىنى نېسىپ قىلدى... جىھاد ئۇرۇش توغرىسىدىكى قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ ئەسلى مەنىسى بىلەن چۈشىنىش شەرىپىنى نېسىپ قىلدى. بۇ جىھاد زامانلار بىلەن ئەسلى مەنىسىدىن ئۆزگىرىپ پەقەتلا مۇنبەردە سۆزلەش بىلەن چەكلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ بەدىلىگە نۇرغۇنلىغان دەرھەم (پۇل بىرلىكى) ئالىدىغان بولۇپ

قالغان مۇنبەردە جاراڭلىق قۇرۇق ئىبارىلەر بىلەنلا بولۇپ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالغان ياكى يۇمشاق ئورۇندۇق ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كىتابچە قىلىنىپ يېزىلىپ ئۇنىڭدىن بۇنىڭغا يۆتكىلىپ ئاخىرى كىتاب ئىشكاپىغا بىرىپ توپا-چاڭ بېسىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى... ئۇنىڭ يازغان ئىگىسى بولسا ئۇنى نەشر قىلىپ ئۇنىڭ ۋەزنى باراۋىرىدە قىممەت سېتىپ (شۇنداقلا دەرھەمگە ئېرىشىدىغان) بولۇپ قالدى، بۇ بولسا الله يولىدىكى جىھاد ھېسابلىنىپ قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

مانا الله بىز ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالغان نامدىكى جىھادنى ئەمەلى چۈشىنىشكە نېسىپ قىلدى، بۇ شەرەپ ئەمەس باشقا نەرسىمۇ؟

# جىھاد دېمەك ئۇرۇش دېمەكتۇر.

سىلەر جەڭنىڭ ئىبادەت ئىكەنلىكىنى قايتۇرۇپ ئەكەلدىڭلار، مۇسۇلمانلارنىڭ ئېڭىغا قايتىدىن قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ ئەينەن مەنىسىنى قايتۇرۇپ ئەكەلدىڭلار؟ ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى يېتىشىچە جىھاد قىلىشى لازىم. جىھاد ئۇرۇش دېمەكتۇر. ئەگەر جىھاد يەر يۈزىدىكى بىرەر چوڭ مىللەت بىلەن بولسىمۇ ياكى رۇسىيە ، خىتتايغا، ئامېرىكىغا ئوخشاش كۈچلۈك، ياۋۇز، ۋەھشىي دۆلەتلەر بىلەن بولسىمۇ ھەر بىر مۆئمىن مۇسۇلمان بارلىق ئىقتىدارى بىلەن جىھاد قىلىشى زۆرۈر.

سىلەرنىڭ ئەجرىڭلار سىلەرگە ئەگەشكەنلەرنىڭ ئەجرى، سىلەرنىڭ ئەجرىڭلار ئەلۋەتتە ئائىلەڭلاردىن تەسىرلەنگەنلەرنىڭ ئەجرى، ئەڭ ئەقەللىيسى ئۇزۇن زامانلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئېڭىدىن كۆتۈرۈلۈپ يىراقلىشىپ كەتكەن جىھادنىڭ مەنىسىنىڭ ئەسلىگە قايتىشى سىلەرنىڭ ئەجرىڭلار.

ھازىر ھەر بىر ياش جەڭ مەيدانى ئافغانىستانغا كېلىدىغان، ئۇنىڭ ئائىلىسى ئافغانىستان مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئەقەللىيسى بۇ

يەردە ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرلىشۋاتقان قۇربانلىقلارنى تونۇيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ دادىسى پىشاۋۇرغا ئۇنى قايتۇرۇپ ئەكېتىش ئۈچۈن كېلىپ يېتىملەرنى، تۇل-خوتۇنلارنى، يارىدارلارنى، دوختۇرخانىلىرىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ يەردىكى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرلىگەن ئىسسىق قانلارنى، ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىنغان قارا باشلارنى، ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنغان تىنىما-تىنىما بەدەنلەرنى، پارچە-پارچە بولۇپ كەتكەن پۇت-قوللارنى كۆرۈپ تونۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردىكى مەسىلىگە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ لايىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

بۇ تىپتىنچ، ئارام كۆڭۈل ئالدىدا ياشاۋاتقان سودىگەرنىڭ كاللىسىدىن ئۇرۇش يادرولىرىنى كۆرگەندىن بۇيان بۇ كۆرۈنۈشلەر زادىلا كەتكىلى ئۇنىماي، ئۇ ئوغلىنىڭ ئارقىسىدىن پىشاۋۇرغا يېتىپ كەلگەن ئىدى، ئۇنىڭ ئوغلى چېگرا ئىچىدىن پىشاۋۇرغا قايتىپ كېلىشكە ئۇنىمىدى؛ شۇنىڭ بىلەن ئوغلى كۆرۈشۈشكە ماقۇل بولغىدەك دەرىجىدە چېگراغا يېتىپ كەلدى. ئۇ بۇ يەردە بومبىلارنىڭ پارتلاۋاتقان ئاۋازلىرىنى، ئايروپىلاننىڭ غوڭۇلداپ ئۇچۇۋاتقان ئاۋازىنى، زەمبىرەكلەرنىڭ گۈمبۈرلەپ پارتلاۋاتقان ئاۋازىنى، ئوق-دورىلارنىڭ ۋىژىلداپ ئېتىلىۋاتقان ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ، بۇ يەردىكى مەسىلىنى تونۇپ يەتتى ۋە ئۆز ھاياتىدا كۆرۈپ

باقمىغان، بۇ جايدىن باشقا جايدا كۆرمىگەن مەنزىرىلەرنى كۆردى.

قېرىنداشلار! ئەڭ ئەقەللىيسى سىلەر ئائىلەڭلەردىكىلەرنى تەسىرلەندۈرۈڭلار.. ئەقەللىيسى ئۇلار تېلفۇن بىلەن پالانى قەيەردە؟ دەپ سورىغاندا بىز ئۇلارغا :ئۇ جاجى (ئۇرۇش مەيدانى)دا دەپ جاۋاب بېرىۋاتىمىز، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار : جاجىنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ ئۇ يەردە ئۇرۇش بولۇۋاتامدۇ؟ ئۇرۇش تۈگىدىمۇ؟ ئەرەبلەردىن كىم شەھىد بولدى؟ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئوغلىنىڭ شەھىد بولدىمۇ ياكى تىرىكمۇ؟ ياكى ياردار بولدىمۇ؟ بۇنى بىلىش ئۈچۈن ئەھۋال سورىشىۋاتىدۇ.

سىلەر ھازىر خەۋەرلەرنى ئۆز ئەمەلىيىتىڭلار بىلەن تارقىتىۋاتىسىلەر، سىلەر ھازىر ئۆز ئەمەلىيىتىڭلارغا ھاياتلىق مەسىلىسىنى تەقدىم قىلىۋاتىسىلەر، سىلەر بۇ يەردە ھېس قىلىۋاتقانسىلەر، چۈنكى، سىلەرنىڭ ئائىلەڭلاردىكىلەر بۇ يەردىكى مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلىۋاتىدۇ، ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ.

ئۇلار مەكتەپنى تاشلاپ بۇ يەرگە كۆڭۈل بۆلىۋاتىدۇ، سىلەرنىڭ ئالىي مەكتەپنى تاشلاپ ئۆز ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ بۇ يەرگە كەلگەن شېرىكىڭلارغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. مۇبادا سىز شەھىد بولۇپ قالسىڭىز،

سىزنى تونۇمايدىغان بارلىق ياشلارنىڭ تىلىدا داستان بولۇپ قالىسىز. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا سىز جانلىق ئۈلگە بولۇپ قالىسىز؟ بۇ بولسا تونۇگۈن مەن بىلەن بىرگە بىر مەكتەپتە، بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئوقۇغان ياكى رىيادەتىكى ياكى جىددىكى پالانى شىركەتتىدە ئۇچرىشىپ قالغان، بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان قېرىنداشىمىزنىڭ ئورنى بوش قالدى. ئۇ قەيەرگە كەتتى؟ ئۇ اللەنىڭ دەرگاھىغا كەتتى، ئۇنىڭ جېنى الله يولىدا تەقدىم قىلىندى. ئۇنىڭ قېنى اللەنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن ئاقتى، ھەربىر ئىنساننىڭ ئۇ قىلغاندەك قىلالىشى مۇمكىنمۇ؟

# ئۇرۇش مەيدانىدىكى ئاجايىپ ئۆلگىلەر

1-ئەھمەد زەھرانى- ئۇ يېشى تېخى يىگىرمىگە يەتمىگەن كىچىك بىر ياش، ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستانلىق ۋە ئۇلاردىن باشقا قانچىلىك كىشىلەرگە تەسىر كۆرسەتتى ھە!؟ ئۇنىڭ ئائىلىسى تائىف تەرەپكە كەتتى.

ماڭا مۇھەممەد ئىبنى سەئۇدى ئۇنىۋېرستىتىدا مۇنداق بىر ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى: بىز ئەھمەدنىڭ قىسسىنى ئائىلىمىزگە ئەكېلىپ ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىۋېتىپ بىز يىغلاپ كەتتۇق. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ يىغىنى قوزغايتتى. بۇ قىسسە نېمە دېگەن تەسىرلىك ھە! ئەگەر بۇ ياش تائىفتا قېلىپ قالغان بولسا تائىفقا نېمە قىلىپ بەرگەن بولاتتى؟ ئۇنىڭغا يېڭىدىن نېمە كەلتۈرۈپ بېرەتتى؟ ئۇ شەھىد بولغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئائىلىسى قاتتىق تەسىرلەندى.

ئەھمەد زەھرانى ئۇرۇش مەيدانىغا كەلگەن ۋاقتىدا، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىككى ئۈچ قېرىندىشى بىرگە كەلگەن بولۇپ ، ئۇلار كېلىپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كېتىشتى. ئۇ يالغۇز قېلىپ قالغان ئىدى. شەھىد بولغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ دادىسى ئۇنىڭ ئورنىغا

ئۇنىڭ بىر تۇغقانلىرىدىن بىرنى ئەۋەتتى. ئۇنىڭ دادىسىدىن ماڭا كۆچلۈك بىر پارچە سالام خەت كەلگەن بولۇپ خەتتە ئافغانىستان مۇجاھىدلىرىدىن قاتتىق تەسىرلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

2-ئىئوردانىيەلىك ئەبۇ ھەفس:- مەن بىر خاتىرە يازغان ئىدىم. ئۇ پەلەستىنلىك ئىدى. چۈنكى، بىز ئۇنى تونۇمايتتۇق. ئۇ غەربى قىرغاقتا، پەلەستىندە ياشىغان ئىدى. شۇڭا، بىز ئۇنى شۇ يەرلىك دەپ گۇمان قىلاتتۇق. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىئوردانىيەنىڭ شەرقىي قىرغاق ئەھلىدىن ئىكەن. ئۇنىڭ ئانىسى ماڭا بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى بىر پارچە سالام خەت ئەۋەتىپتۇ. الله بىلەن قەسەمكى مەن ئۇنى ئەدىب ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن، پاك ۋىجدانىدىن ھەقىقىي الله ۋە اللەنىڭ رەسۇلىغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت ئېتىلىپ چىققان ئىكەن.

ئۇ ئۆز ئوغلىنى شەھىدلىققا تەييارلىغان بولۇپ ، مۇجاھىدلارنىڭ قەدەم ئاستىدىكى بۇ يول ئۈستىدە مەڭگۈ قېلىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن.

شۇڭلاشقا سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ تەييارلىقىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ جەمئىيىتىدىكى تەسىرىڭلارنى ئاز، كىچىك بولۇپ قالدى دەپ گۇمان قىلىڭلار... ياق...

سىلەرنىڭ تەسىرىڭلار چوڭ بۇ تەسىر قاچان بولىدۇ ؟ پات يېقىندا ئۇزۇنغا قالماي بولىدۇ .

شەھىد ئەبۇ ھەفس ۋە ئەھمەد زەھرانى كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ياكى زېمىن ئۈستىدە مېڭىۋاتقان جىھاد قىسسىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ياشاۋاتقان ئەۋلادلارغا تەسىر قىلىدۇ... بەلكىم قىرىق يىلدىن كېيىنكى ياكى 50يىلدىن كېيىنكى ياكى بىزدىن20 ياش كېيىنكى ئەۋلادلارغا تەسىر قىلىدۇ.

بۇ ئۇلۇغ جىھادنىڭ تەسىرى چوڭ بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر بولۇۋاتقان ئافغانىستان مۇجاھىدلىرىنىڭ جىھادى ئۇزۇن مۇددەت ھوشسىزلىق ئىچىدە ياتقان ئىسلام ئۈممىتىنى ھوشسىزلىقتىن ئويغىتىشقا باشلىدى. ئۇ مىللەت ئەسىرلەر بويى ئۇخلاپ گەپ سۆز تەسىر قىلمايدىغان، گەپ سۆزلەرگە ئويغانمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۇيقۇسى بەكمۇ قاتتىق ئىدى. بۇ ئۇيقۇ قوراللارنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى، ئىسسىق قانلارنىڭ ھىدى، پۇرىقى، قارا باشلارنىڭ پەيداكارلىقىغا ئويغىناتتى. دەرۋەقە، شۇنىڭ بىلەن ئويغاندى. ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى ياخشىلاندى، ئۇلار ئالغا قاراپ ماڭدى.

ئۇلار ئۇنىڭ يولىدا ئاۋانگارت ئەترەت بولۇپ قالدى، ئۇلار ئويغۇنىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىشقا

ئىنتىلىۋاتىدۇ... سىلەرنىڭ تەسىرىڭلار زوردۇر... ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە بەكمۇ چوڭ... بەكمۇ چوڭ، ئەمما، ئۇ رەھمان تائالانىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ ئىنتايىن چوڭ... ئىنتايىن كاتتا، ئىنشائاللاھ، ئەگەر نىيەتنى خالىس قىلساڭ، مېڭىشتا تۈز ماڭساڭ.

سىلەرنىڭ سانىڭلار قانچە ئىدى؟ سىلەرنىڭ سانىڭلار بۇ يەردە 50 ئىدى. ئافغانىستاندا سىلەرنىڭ سانىڭلار 300-400 ئەتراپىدا، سىلەرنى يوقلاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ سانى سىلەرنىڭ سانىڭلار بىلەن ئوخشاش. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆز قەۋمىگە 300 خۇشخەۋەر قىلغۇچى بولۇپ قايتىدۇ. 300 رەھمان تائالانىڭ مىزانىدا ھەرگىزمۇ ئاز ئەمەس جەزمەنكى الله ئەززەۋەجەللە يېتەكچىمىز نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بولغان بىر كېمىگە چىققان ئون ئىككى شەخس ئۇچۇن پۈتۈن دۇنيانى ھالاك قىلدى، يەنى غەرق قىلدى. زېمىندىكى ئۆسۈملۈكلەرنى، ھايۋاناتلارنى ھالاك قىلدى(غەرق قىلدى).

«پەرۋەردىگارىمىز يەر يۈزىدە كاپىرلاردىن بىرنىمۇ قويمىغىن» (سۈرە نۇھ 26-ئايەت)

يېتەكچىمىز نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئىمان ئېيتقان ئون ئىككى شەخس ئۈچۈن، شۇڭلاشقا مۇئمىن اللەنىڭ تارازىسىدا ئېغىر، چوڭ، زور.

اللە ئەززە ۋە جەللە مۇسۇلمانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جاھاننى سۇغا غەرق قىلدى. ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتتى. سىلەر مەدىنە ئادەملىرىدىن بىر تۇركۈم ئادەم قولىدا مۇسۇلمان بولغان يېتەكچىمىز مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيىرنىڭ قانداق ئىخلاسمەن سادىقلىقىنى ئاڭلىغانمۇ؟ ئۇ ئۆز قولىدا مۇسۇلمان بولغانلارنى رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار رەسۇلۇللاھقا بەيئەت قىلدى. كېلەركى يىلدا 63 ئەر كىشى 10 نەچچە ئايال كىشى كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلدى، يەنى ئىككىنچى قېتىملىق ئەقەبە بەيئىتى قىلدى. اللە ئۇلار بىلەن زېمىننىڭ ھەممىسىنى ئۆزگەرتتى، ئۇلار رەسۇلۇللاھقا ھىجرەت قىلغىن دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇلاردىن ئۆزىنى ئوغۇللىرىنى، جانلىرىنى، خوتۇنلىرىنى قوغدىغاندەك قوغداشقا ئۇنىڭغا ۋە اللەنىڭ بۇ دىنىغا ياردەم بېرىشكە بەيئەت ئالدى. ئاندىن ھىجرەت قىلىپ مەدىنە مۇنەۋۋەردە ئىسلام دۆلىتىنى قۇرۇپ، ئاندىن بارلىق زېمىنغا ئىسلام دەۋىتىنى تارقاتتى.

شۇنداق... سىلەر يالغۇز ئافغانىستانلىق مۇسۇلمانلارسىز ھېچ ئىش قىلالمايسىلەر . شۇڭا سىلەرنىڭ جىھاد قىلىشىڭلار ئافغانىستانلىق دوستلار ئارىسىدا بولىدۇ . لېكىن، سىلەر ياردارلار

ئۇچۇن شىپالىق مەلھەم : ئۇلار ياربدار ئەھلى.. سىلەر دورا... ئۇلارنىڭ غەم قايغۇلىرىنىڭ كېتىشى، ئازاب-كۇلپەتلىرىنى ئۇنتۇشى، روھى كۆتۈرۈلىشى ئۇچۇن ئۇلارنىڭ جاراھەتلىرىنى تېڭىۋاتىسىلەر... سىلەر اللەنىڭ ئىزنى بىلەن بىر قىسىم قەلبلەرنى يۇمشاتتىڭلار، بىر-بىرسىنى چەتكە قاقىدىغان گۇرۇھلار بىر جامائە كىشىنى شەكىللەندۇردۇڭلار، بىر-بىرى بىلەن ئىختىلاپ قىلىشىۋاتقان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاقلىق شەكىللەندۇردىڭلار.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز ئارىسىنى ئىسلاھ قىلدى. سىلەر جىھادقا جۇرئەتلىنىپ تۇرىسىلەر ، ئۇرۇشنى ئەسلەۋاتىسىلەر، سىلەر ئۇرۇش ئوتىنى ياقتىڭلار چۈنكى، سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلار قەتئىي ئىرادە بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا كەلدىڭلار، ئايروپىلانلارنى، تانكىلارنى كۆرۈشكە كەلدىڭلار. سىلەردىن بىرەيلەن ئۇرۇش سېپىگە بارغاندا، ئۇ سەپنى سوغۇق كۆرۈپ، ئۇرۇش قوماندانىغا مۇنداق دېدى:- بىز ئەمەلىيەتنى دېمەكچى... ئەمەلىيەتنى دېمەكچى... ئەمەلىيەت قاچان بولىدۇ ؟ ئۇ قېلىپ تەييارلىق قىلىشقا كىرىشىدۇ، ئۇ قوماندانىنىڭ بېشىنى ئۇنىڭغا ئەمەلىيەتنى كۆرسەتكۈچە ئاغرىتىدۇ.

سىلەر ئۇرۇشنى ھەرىكەتلەندۇرىۋاتىسىلەر... سىلەرگە نىسبەتەن ئافغانىستانلىق كەبىگە نىسبەتەن مەككە

ئەھلىگە ئوخشايدۇ. سىلەر بولساڭلار ئۇزۇن مۇددەت مەككىدىن ئايرىلغان غېرىبلار بولۇپ ، ئۇزۇن مۇددەتتىن كېيىن مەككىنى زىيارەت قىلىۋاتقان كىشىلەرگە ئوخشايسىلەر؛ سىلەر ئەلۋەتتە كەبىنى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولۇۋاتىسىلەر. سىلەردىن بىرەيلەن كۆكرىكىنى ئېچىپ ئۇنى كەبىگە چاپلىماقچى بولۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا قانداق تەكلىپلەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەجەرۇل ئەسۋەد (بەيتۇللادىكى قارا تاش)نى سۆيمەكچى بولۇۋاتىدۇ ، ئۇ مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئىچىدە ئازراق تۇرۇپ ھۇزەيفە، سۇدەيس، ئەلى ئىبنى جابىر ۋە باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇماقچى، ئۇ ھەرەم مەسجىدىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماقچى ۋە ئۇنىڭ ئىمامى ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇماقچى؛ بىراق، مەككە ئوغلى ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. مۇئەززىن ئەزان ئوقۇۋاتىدۇ، بىراق، ناماز ئوقۇمايۋاتىدۇ.

اللە بىلەن قەسەمكى مەككىدىن بىزنىڭ يېنىمىزغا بىرەيلەن كەلدى. تەخمىنەن ئۇ 25 ياش ئەتراپىدا بولۇپ ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:- مەن ھازىرغىچە ھەج قىلمىدىم... ئۇ ھازىرغىچە ھەج قىلمىدى. سەن يىراق جايلاردىن كەبىنى كۆرۈش ئۈچۈن ھەرەم ئىمامىنى كۆرۈش ئۈچۈن كەبىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن سافا بىلەن مەرۋەنى سەئيى قىلىش ئۈچۈن بۇ يىراق مۇساپىنى كېسىپ ئۆتتۈڭ.

# سىلىشتۇرما

بىز نېمىنى ئىرادە قىلىۋاتىمىز؟... بىز شۇنى كەسكىن قارار قىلىپ بولدۇقكى، كەبىنى كۆرۈشكە تەشنا بولۇۋاتىمىز؛ ئافغانىستانلىق قېرىنداشلار نېمىگە ئوخشايدۇ؟ مەككىگە ئوخشايدۇ.

ئۇلار جەڭگە تويدى. سىلەر بولساڭلار جىھادنى ئىرگۇزىۋاتىسىلەر... سىلەر ئۇرۇشنى ھەرىكەتلەندۇرىۋاتىسىلەر...! ئۇلار ئىتتىپاق، چىدامچان، مۇستەھكەم، سىلەر ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرماقچى بولۇۋاتىسىلەر! سىز بەزى سەپلەرگە كىرىپ جەڭ قىلىسىڭىز، ئۇ سەپتە ئۇلاردىن بىرەرسى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇلار ئۇنى ئارقا سەپكە يۆتكەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە جىنازا نامىزىنى ياخشى بىلىدىغان بىرەرسى يوق، بۇلارغا سۆزلىنىدۇ... سىلەر كۆرۈۋاتىسىلەر جامائەت نامىزىنى ئوقۇيالايدىغان ئادەم ئۇ يەردە يوق؛ نېمە ئۈچۈن؟ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىماملىقنى پۇختا بىلىدىغان بىرەرسى يوق، شۇنداقلا، ئۇلار سىلەرگە موھتاج؛ سىلەرنىڭ ئۇلارغا دىنىنى ئۆگىتىشىڭلارغا موھتاج؛ ئۇلار سادىقلار، ئىخلاسمەنلەر، چىدامچانلار، مۇستەھكەم تۇرغۇچىلار،

ئىتتىپاقلاشقۇچىلار... اللە ئۇلار بىلەن ئۆزىنىڭ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈردى، ئۆزىنىڭ دىنىنى ئەزىز قىلدى؛ ئۇلارنى بارلىق مۇسۇلمانلار بىلەن شەرەپلىك قىلدى. بۇ ھەقىقەتتۇر، ئەگەر ئۇلارنىڭ نىيرۋىسى تۆمۈردىن بولغان بولسا ئېرىپ كېتەتتى. سىلەر ھازىر بۇ چارچىغان نېرۋىلارنى ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن، جاراھەتلەنگەن قەلبلەرنى ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئۇل سېلىۋاتىسىلەر.

بىلىپ قويۇڭلاركى! سىلەردىن قانداق بىر ئادەم بۇ يەرگە كېلىشتىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئۆز سېپىدا ئولتۇرۇۋاتقان بىر ئافغانىستانلىق تەقدىم قىلغان نەرسىنىڭ ئوندىن بىرىنىمۇ تەقدىم قىلمىدى، ئۇ ئۆز سېپىدە (ھازىر ئەجەبلەنمەي تۇرۇڭ) ئۇنىڭدىن سوراپ بېقىڭ ! ئۇ 15 تانكىنى پاچاقلاپ تاشلىدى، ھەر بىر تانكا ئىككى مىليون ... ئۇ رۇسلارنى 30مىليون زىيان تارتقۇزدى... ئۇنىڭدىن سوراپ باققىن! ئۇ كېچە-كۈندۈزلەرنى تاغ ئۈستىدە ياشاپ ئۆتكۈزدى. تاغ ئۈستىدە ھېچكىم ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر نان يەتكۈزۈپ بېرىشكە قادىر بولالمىدى. ھېچكىم ئۇنى كۆرسە سالام قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. چۈنكى، جەڭ ئىنتايىن قاتتىق بولغان كۈنلىرى مۇجاھىدلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ ياردەم بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. يەنە داۋۇت كۈنلىرىدە ئۇنىڭدىن سوراپ باققىن! ئۇ يىلدىن بۇيان جىھاد قىلىۋاتىدۇ؛

يەنى 1975-يىلدىن تارتىپ ياكى داۋۇت كۈنىدىن باشلاپ جىھادنى داۋام قىلماقتا.. ئۇنىڭغا 13يىل بولدى. (بىر ئەۋلاد ئۆمرى) ساڭا بىر بىكارچىقىلىقتا 13كۈنمۇ ئۆتمىدى؛ سەن نېمىنى باشلىدىڭ؟ سەن ئازابلىق، قىيىنلىق ھېس قىلىۋاتىسەن؛ سەن زېرىكتىڭ، بىزار بولدۇڭ ۋە باشقىلار... سەن تېزلا سەپكە بېرىشنى ياكى پىشاۋۇردىكى ۋە باشقا جايلاردىكى جەڭگە قاتنىشىشنى ئويلاۋاتىسەن. قايتماقچى بولىۋاتىسەن، ئاشۇ 13 يىلنى ئۆتكۈزدى، سەن 13 كۈننى، بارلىق كۈچۈڭ ئۆزۈڭ بىلەن بىرگە قالدى... سەن جىھاد ئۈچۈن ھېچ نەرسە تەقدىم قىلمىدىڭ.

سىلەردىن كىم 13 ئاي رىبات زېمىنىدا تۇرالىدى؟ 13يىل تۇرۇشچۇ... جىھاتتا ئۇلارنىڭ ماڭلاي چاچلىرى، ساقاللىرى ئاقىرىپ كەتتى. شۇنداق، سىلەر ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ بىر نەچچە يىلنى ئۆز ئائىلىسىنى كۆرمەي ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ راست گەپ قىلىپ بېقىڭلار ، تېخى ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئائىلىسىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئافغانىستاندىمۇ ياكى پىشاۋۇردىمۇ؟ ياكى ئىراندىمۇ؟ بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۆز ئاياللىرىنى ئۆز ئائىلىسى بىلەن ياشاش ئۈچۈن ئافغانىستاننىڭ ئىچكى قىسمىغا ئەۋەتتى، (بىر نەچچە يىلدىن بۇيان) كابۇلغا... مەزەر شەرىفقا...

ئەۋەتتى. چۈنكى، ئۇ خوتۇننى يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەشكە قادىر بولالمىدى ياكى ئۇنى بىرەر جايغا ئورۇنلاشتۇرالمىدى... بىرەر چېدىرغا، تاماقا ئىگە بولالمىدى... ئۆز ئىمكانىيىتى بىلەن ئۇنىڭغا ئەۋەتىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن بەكتىيادا ياكى كابۇل ئەتراپىدا، بەغماندا ياكى مەيداندا... ئۇچراشماقچى بولدى. لېكىن، ئۇ... نېمە ئۈچۈن؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ ئۆز ئەھلىنى كۆرمىدى؟ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان. ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش ئىنژېنېر (قۇرۇلۇش تېخنىكى) دوختۇر، ئوقۇتقۇچى ۋە ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئىدى. ئۇلار جىھاد ئۈچۈن ھەممىنى تاشلىدى. شۇڭا، سىز مەن بىرەر نەرسە تەقدىم قىلدىم دەپ ئويلاپ قالماڭ، ئۆزىڭىزنى چوڭ ھېسابلىماڭ، سىز ئۆزىڭىزدىكى نەرسىلەرنى مەزكۇر ئادەملەر ئۈستىدىن بار يوقلىقىنى كۆرۈۋالىسىز.

ياق... سىز تېخى ھېچنەرسە تەقدىم قىلمىدىڭىز، سىز قانداق نەرسە تەقدىم قىلىشتىن قەتئىينەزەر، بۇ سەپتىكى ساۋاتسىز ئافغانىستانلىق قېرىنداشلاردىن بىرى تەقدىم قىلغان نەرسىنىڭ ئوندىن بىرىنىمۇ تەقدىم قىلالمىدىڭىز.

ئۇلار نانغا موھتاج بولۇۋاتىدۇ ، سىز تېخى خالىسىڭىز پولا يەرسىز ، خالىسىڭىز مانتا يەرسىز ... ماشىنا بىلەن ماڭىسىز (بەزىدە ھاۋا تەڭشىگۈچ بىلەن

ھۆزۈرلىنىسىز) پىيادە ماڭمايسىز، ئۇلار قانچىلىغان كىلومېتىر يوللارنى پىيادە ماڭدى؟ قانچىلىغان تاغ چوققىلىرىغا چىقتى ھەم چۈشتى؟ سىز ئائىلىڭىزدىن قانچە ئادەمنى جىھاد ئۈچۈن يوقاتتىڭىز؟ بىرمۇ ئادەمنى يوقاتمىدىڭىز، ئۇ ئەتراپىغا قاراپ ئائىلىسىدىكى بىرەر كىشىنىمۇ كۆرمەيدۇ، ئۇنىڭ ئانىسى دەسلەپ ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ كىچىك ئوغۇل تۇغقىنى ئەسىر بولۇپ كابولدا تۇرماقتا، ئۇنىڭ دادىسى شەھىد بولدى. چوڭ ئاكىسى رۇسلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ قىز بىر تۇغقىنى رۇسلار تانكىغا باستۇرۇۋاتماقچى بولغاندا ئەزالىرىنى كېسىپ تاشلاپ ئۆزىنى دەرياغا تاشلىۋالدى. سىز بىلمەيسىز بىر تۇغقان قېرىنداشلارنىڭ كۆيۈك دەردىنى بىلمەيسىز ھەم تېتىپمۇ باقمىغان، سىز بۇ پاجىئەلەردىن ھېچقانداق نەرسىنى كۆتۈرەلمەيسىز؛ بىز بۇلارغا نىسبەتەن ھېچقانداق مۇسىبەت كۆرمىگەن. شۇڭا سىلەر ئۇلار ئارقىسىدىن يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئۆزۈڭلارنى ئافغانىستانلىق قېرىنداشلاردىن چوڭ تۇتۇشتىن ساقلىنىڭلار! كېچە-كۈندۈز تەييارلىقتا بولۇڭلار..!

ماشىنا بىلەن كەلگۈچىلەر قەيەردە؟ بۈگۈن پىشاۋۇرغا ئۇلاردىن 25 ئادەم چۈشكەن؛ ئۇلاردىن قانچىسى ئالدىنقى سەپلەرگە باردى؟ بىر ئاي... ئىككى ئاي... ئۇلارغا ئايلار كۆپەيدى... نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى،

ئۇلارنىڭ روھلىرى جەڭ قىلمىغان، چىداشلىق بېرەلمىگەن... بۇ ئافغانلار ئالدىنقى سەپلەردە قانچىلىك ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى؟ ئون يىل.. سەككىز يىل.. يەتتە يىل.. بەش يىل... ئالدىنقى سەپلەر ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدۇر. ھۆرمەتلىك قېرىندىشىم! سەن ئىززەتلىنىۋاتىسەن! ساڭا كۆڭلەك كۆڭلەككە ئۇلۇنۇپ كېلىۋاتىدۇ. سەن بۇ كۆڭلەكنى تاشلاپ ئۇ كۆڭلەكنى ئېلىۋاتىسەن؛ سەن ياخشى كۆرمەي تاشلىۋەتكەن ئاياغنى باشقىلار كىيىۋاتىدۇ. سەن ئۈچ ۋاق (ئىدام) يېمەيسەن. ھەتتا بىرەر ۋاقمۇ يېمەيسەن. ئىدام دېگىنىمىز:- پەقەتلا گۈرۈچ بىلەن ياغبۇ. سەن ئۇنى سۆكۈۋاتىسەن، ئەيىبلەۋاتىسەن، ياراتمايۋاتىسەن، بىراق، ئۇلاردا گۆش يوق. ئۇلاردا سالات يوق. ئۇلارنىڭ يېنىدا مېۋە-چېۋە يوق. ئەنە شۇ ئەتتىگەنلىك چاي نان، چۈشلۈك چاي نان، پەقەت ئىككى تۈرلۈك ئەتتىگەنلىك چايمۇ نان، چۈشلۈك چايمۇ نان، كەچلىك قاينىتىلغان ۋە پىشۇرۇلغان تاماق گۈرۈچتۇر. ئەگەر ئۇنى تاپالمىسا يەنە شۇ چاي، چاي ناۋاتسىز، قەنتسىز، ئۇلار قەنت-كېسەكلەرنىڭ تاپالمايدۇ، ئاچچىق چاي، ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى بولغىنى بىرەر پارچە ناۋاتنى ئاغزىغا سالسا بولدى، چاي تاتلىقراق بولۇپ يۇتالىسا ئۇلارغا ئىنتايىن بەلەن بولدى.

# جىھاد باسقۇچلىرى

بىلگىنكى، ئوماق قېرىندىشىم جىھاد تۆت باسقۇچلۇق بولىدۇ .

1-باسقۇچ: ھىجرەت.

2-باسقۇچ:تەييارلىق.

3- باسقۇچ: ئىتتىپاقلىق.

4- باسقۇچ: ئۇرۇش.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى اللە يولىدىكى جىھادنى شەكىللەندۇرىدۇ. ھىجرەت، ئاندىن تەييارلىق، ئاندىن ئىتتىپاقلىق، ئاندىن ئۇرۇش قىلىشتۇر؛ ھىجرەت قىلىش بولمىسا ئۇرۇش قىلىش مۇمكىن ئەمەس؛ تەييارلىق قىلىش بولمىسا ئۇرۇش قىلىش مۇمكىن ئەمەس؛ ئىتتىپاقلىق بولمىسا ئۇرۇش قىلىش مۇمكىن ئەمەس؛ جىھادنىڭ ياقۇتى ئۇرۇشتۇر؛ لېكىن، بىر سائەتلىك ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن مىڭ سائەتلىك تەييارلىق قىلىش لازىم.

بىرسى مۇشۇ دايان ياكى ئىيجال ئالوندىن- سىلەر 1967- يىلى بۇنداق ئاجايىپ غەلىبىگە قانداق قىلىپ ئېرىشتىڭلار دەپ سورىغان ئىدى. ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: ئون يىل تەييارلىق قىلدۇق. ئۇنى

ئۈچ سائەت ئىجرا قىلدۇق. ئون يىل قىلغان تەييارلىقىمىز مىسىر ئايرودۇرۇمىنى ۋەيران قىلغان بىرىنچى سائەتتىن باشلاپ پۈتۈنلەي غەلىبە قىلغۇچە ئۈچ سائەت كەتتى.

ئون يىللىق تەييارلىق بىر دەملىك ئۇرۇش ئۈچۈن بولىدۇ . كۈنلەر، ئايلار ئۆتىدۇ؛ ئەمما، تەييارلىق، ئىنتىزاقلىق بولسا ئۇزۇن بولىدۇ . بۇ كۆڭۈللەرگە بەكمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ. بۇنداق ئۇزۇن مەزگىللىك تەييارلىق الله ئەززە ۋە جەللە ئۈچۈن زىكرىنى، نەفلە نامازنى، نەفلە روزىنى ئارتۇق تۇتۇشنى ئىرادە قىلمىغان، ھەربىر ئىشىم الله يولىدا، الله رازىلىقى ئۈچۈن دەپ ئويلىمىغان، بۇ يولدىكى بارلىق مۇشەققەتلىرىمگە الله ئەجىر ئاتا قىلىدۇ دەپ ئويلىمىغان كۆڭۈللەرگە زېرىكىشلىك تۇيۇلىدۇ.

# ئۆز قەلبىڭگە دىققەت قىل

ئىنسان قەلبى ئۆلپەتچىلىكنى ياخشى كۆرىدۇ... ئۇ قەلبىگە ئۆلپەت بولغىنى ياخشى كۆرىدۇ. بىزنىڭ ئارىمىزدا ئۆسۈۋاتقان ئۆسمۈرلەر دادىسىنىڭ ئادىتىنى دوراۋاتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلپەتچىلىكىدىن ۋە ئادەتلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى يامان كۆرىدۇ. ئىنسان قەلبى جەسەتكە ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇ ئۆز ئوزۇقى بىلەن ئوزۇقلانسا، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆز ئوزۇقى بىلەن ئوزۇقلانمىسا، ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ. ھەتتاكى، ئۇ ئۆلۈپمۇ كېتىدۇ. شۇنداقلا، ئىنسان يېمەكلىك يېمىسە ئۇنىڭ بەدىنى ئورۇقلايدۇ. مۇبادا، ئىنساندا ئاچلىق زىيادە ئېشىپ كەتسە، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالمايدۇ، سەكرىيەلمەيدۇ، ئاخىرىدا دۈشمەنگە قارشى تۇرالمايدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاش، قەلبمۇ ئوزۇقلانمىسا ئاجىزلىشىدۇ، ئورۇقلايدۇ، ئاخىرىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ. مۇبادا قەلب ئۆلسە ئۇنىڭ جەسەتكە ھېچقانداق پايدىسى يوق. ئۇ تۇرۇشقا ھەرگىز قادىر بولالمايدۇ. دۈشمەنگە ھەرگىز تاقابىل تۇرالمايدۇ. جەڭ مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرالمايدۇ. قەھرىمانلارچە جەڭگە

ئاتلىنالمايدۇ. شۇڭا قەلبنىڭ ھايات قېلىشى، ئۇنىڭ ئىبادەتنى ياخشى كۆرىشى ئۈچۈن ئوزۇقلىنىشى زۆرۈردۇر. قۇرئان كەرىم ياخشىلارنىڭ سۆھبىتى، نەپلە ناماز، نەپلە روزا، كەچلەردە ناماز، سەھەرلەردە ئىستىغپار ئېيتىش، تىلىنى ساقلاش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قەلبنىڭ ئوزۇقى. مۇبادا قەلب بۇ ئوزۇقلار بىلەن ئوزۇقلانسا ئاندىن ئۇ تىرىك بولىدۇ . ئۇ تىرىك بولغاندا اللەغا تايىنىش، ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلىش بولىدۇ . ئۇنىڭ غەيرەت- شىجائىتى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. ئۇ يامان قىلمىشلارنى كۆرگەندە ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. يامان ئىشلارنى كۆرگەندە چىرايى تۈرلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ قەلبى تىرىك، قەلبى گۇپ-گۇپ قىلىپ سوقۇۋاتىدۇ. ئۇ اللە ئۈچۈن غەزەپلىنىپ ، چىرايىنى تۈرىدۇ. ئۇ قورقمايدۇ. ئەنسىرەپ ئولتۇرمايدۇ. مەيدانغا چۈشكەندە يولۋاس بولىدۇ ، ئايرىلىش كۈنلىرى كەلگەندە ئۈرۈق-تۇغقانلىرىدىن كەپتەرگە ئوخشاش ئايرىلىدۇ.

﴿يُحِبُّهُمۡ وَيُحِبُّونَهُۥٓ أَذِلَّةٍ عَلَى ٱلۡمُؤۡمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى ٱلۡكَٰفِرِينَ﴾

«ئۇلار مۇئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز بولىدۇ » (سۈرە مائىدە 54-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئۇلار ئۆز قېرىنداشلىرىغا كۆيىنىپ، ئۇلارنى ياخشى كۆرىدۇ؛ ئۇلارنىڭ پىچىرلاشلىرىغا يول قويىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئەيىب، كەمچىلىكلىرىنى ياپىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ مەسخىرە قىلماستىن، بەلكى، ئۇنى تۈزىتىدۇ. ھەم تۈزىتىشكە ياردەم بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن باشقا گەپ قىلمايدۇ. ئەگەر ئۇلارغا زىيان يەتكۈزسە، تىللىسا، ئەزىيەت يەتكۈزسە ئۇلارنى ئەپۇ قىلىدۇ ھەم كەچۈرىدۇ.

(وَإِذَا خَاطَبَهُمُ ٱلْجَٰهِلُونَ قَالُوا۟ سَلَٰمًا)

«نادانلار ئۇلارغا (ياقتۇرمايدىغان) سۆز قىلسا، ئۇلار: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز» دەيدۇ (يەنى گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ)»

كىچىكلەر، نادانلار ئۇلارغا دەخلى-تەرۇز قىلسا ئىمكان قەدەر ئۇلارنى بىر ئالىقىنى بىلەن توسۇپ، بىر ئالىقىنى بىلەن ئىش قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار مۇئمىنلەرگە ناھايىتى كەمتەرلىك، مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇلار ياخشى سۆزلەردىن باشقا سۆزلەرگە قۇلاق سالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن ياخشى سۆزدىن باشقىسى چىقمايدۇ، ئۇلار ياخشى پۇراقتىن باشقىنى پۇرىمايدۇ، ئۇلار ھېچكىمگە ئەزىيەت يەتكۈزمەيدۇ، ئۇلارنىڭ تىلى قىسقا، بىلىكى ئۇزۇن

(يەنى گەپنى ئاز قىلىپ، ئىشنى كۆپ قىلىدۇ)، قەلبى تىرىك ئۆز ئىگىسىنىڭ ئالدىدىن باشقا جايدا ئەگمەيدۇ. ئۆز قېرىنداشلىرىغا ناھايىتى كۆيۈمچان ، لېكىن، ئۇلار ئۇرۇش مەيدانىغا كەلگەندە كۆرسىڭىز ئۇلار گوياكى يىرتقۇچ يولۋاستەك دۈشمەنلەرگە ئېتىلىدۇ.

ئۆلۈم ئۇلاردىن قورقىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سېنىڭ قەلبىڭ ئوزۇقلىنىشى زۆرۈر. ئاجىزلىقتىن ساقلىنىشى لازىم. مۇبادا ئۇ زەئىپلەشسە جىھاد يولىنى داۋاملاشتۇرالمايدۇ. چۈنكى، جىھاد جاپالىق ھەم قىيىندۇر؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال ھىجرەت قىلىش كېرەك . ئۆزۈڭنى ، ئائىلەڭنى پۈتۈنلەي ئېلىپ چىقىشىڭ كېرەك . سەن قەيەردە مۇھاجىر (ھىجرەت قىلغۇچى) بولىدىكەنسەن، شۇ يەردە ئۆلسەڭ شەھىد بولىسەن. «كىمكى ﷲ يولىدا ھىجرەت قىلىپ... ئايرىلىپ چىقسا... ئۇ قانداق ئۆلۈم بىلەن ئۆلسۇن ئۇ شەھىد بولىدۇ ». «ئاررۇسى ھەقلىق بولىدۇ » (بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەدىسشۇناسلار تەرىپىدىن بىرلىككە كەلگەن قاراش)

سەن ئايروپىلاندا كېتىۋېتىپ پاكىستانغا چۈشۈپ كەتسەڭ، شەھىد بولىسەن؛ سەن ماشىنا بىلەن پىشاۋۇردىن ساداغا كېتىۋېتىپ، ماشىنا سوقۇلۇپ ياكى چۈشۈپ كېتىپ ئۆلسەڭ، شەھىد بولىسەن؛

ئەگەر سىنىڭ ئاتقان ئوقۇڭ خاتا ھالدا بىرەر قېرىندىشىڭغا تېگىپ بەرسە ئاندىن ئۆلسە، ئۇ شەھىتتۇر؛ شۇنداقلا ئامىر ئىبنى ئەكۋا بۇنىڭغا يەتتى، ئۇ قىلىچنى ئايلاندۇرۇپ سالغاندا ئۇنىڭ قىلىچى كالتا بولۇپ ئۇنىڭدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ئۆزىنى ئۆزىنىڭ قىلىچىدا ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ ھالى نېچۈك بولىدۇ -؟ دەپ سورىغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق جاۋاب بەردى:- ئۇ شەھىتتۇر، ئۇنىڭغا جەننەت تەيياردۇر.

سەن قەيەردە ئۆلسەڭ ئۆلگىن مەيلى زىباپەت ئىچىدە مېھمانخانىدا، پىشاۋۇردا ئۆلگىن سەن شەھىد، ئەگەر سەن ئىچى سۈرۈك كېسىلى بىلەن ئۆلسەڭ شەھىد، تاغدىن يىقىلىپ چۈشسەڭ شەھىد... «قانداق ئۆلۈم بىلەن ئۆلسە ئۇ شەھىد بولىدۇ »

# ھىجرەت مۇشەققەتلىرى

ھىجرەت جاپالىق، ئائىلىنى تەرك ئېتىش قىيىن، مەكتەپنى تاشلاش ، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپنى تاشلاش تولىمۇ قىيىندۇر؛ شىركىتىڭنى تاشلاش تولىمۇ قىيىندۇر؛ خىزمەت ۋەزىپەڭنى تاشلاش تولىمۇ قىيىندۇر؛ تىجارىتىڭنى تاشلاش تولىمۇ قىيىندۇر... لېكىن، جىھاد قىلىش ئۇنىڭدىن زۆرۈر... جىھاد زۆرۈر.

ھىجرەت قىلىش ئەقىدە تىجارىتى بىلەن بارلىق نەرسىلەرنى قۇربان قىلىش دېگەنلىك... جەزمەن ھىجرەت قىلغۇچىلار ئەقىدىنىڭ ھەممىدىن قىممەت ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ ھەمدە ئوچۇق جاكارلايدۇ.

شەك- شۈبھىسىزكى، بىز زېمىن ئۈستىدە ئۇنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئۈچۈن ياشاۋاتقان شەرىئەت (ئىسلام قانۇنى) بولسا، دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەردىن قىممەت ۋە ئەلادۇر.

1-ئېلان: ئەقىدە نەسەبى بولسا تۇپراق نەسەبىدىن ئەڭ كاتتا، ئەڭ ئۇلۇغ، يەنى بۇ دىن نەسەبى – بارلىق ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق نەسەبىدىن ئۇلۇغ.

2-ئېلان: بۇ دىنني قېرىنداشلىق بىر ئانىدىن تۇغۇلغان قېرىنداشلىقتىن سۆيۈملۈك ۋە ئۇلۇغدۇر. ھىجرەت دېگەن يېڭى دادادۇر، يېڭى ئانىدۇر، يېڭى ئاكا-ئۇكىدۇر، يېڭى ئاچا-سىڭىلدۇر... يېڭى ئائىلە تاللاشدۇر، يېڭى ئائىلە بولسا ئالدىنقى سەپدۇر ياكى زەمبىرەكدۇر، پىلىمۇتدۇر، تانكا ئاتارنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇپ، جىھاد قىلىۋاتقان كىشىلەر توپىدۇر. يېڭى ئائىلىدىكى چوڭلار دادىدۇر، كىچىكلەر ئاكا-ئۇكىدۇر، تەڭ-تۇشلەر بولسا تەڭ تۇغۇلغان قوشكېزەكلەردۇر.

3-ئېلان:- اللەنىڭ دىنى، بايرىقى تىكلىنىۋاتقان زېمىن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن زېمىندىن ئۇلۇغ، سۆيۈملۈكتۇر...

4-ئېلان:- تەۋەلىك بولسا ئەقىدىدىن؛ ئۇ قىزىل ياكى كۆك ياكى يېشىل پاسپورت ئەمەس...

5-ئېلان:- مېنىڭ دۆلىتىم بولسا ئەقىدە دۆلىتىدۇر. ئۇ بولسا اللەنىڭ دىنى ئەمەلىيلىشىۋاتقان، ھەممە جاي، مېنىڭ دۆلىتىم ھەرگىز زالىملار دۆلىتىدىن بېسىۋېلىنغان بىرلا جاي ئەمەس. مەيلى مېنىڭ يۇرتۇم بولسۇن ياكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمنىڭ يۇرتى بولسۇن...

«ئى نۇھ ئۇ سېنىڭ ئەھلىڭدىن ئەمەس»

﴿وَنَادَىٰ نُوحٌ رَّبَّهُۥ فَقَالَ رَبِّ إِنَّ ٱبۡنِى مِنۡ أَهۡلِى وَإِنَّ وَعۡدَكَ ٱلۡحَقُّ وَأَنتَ أَحۡكَمُ ٱلۡحَٰكِمِينَ ٤٥﴾

«نۇھ پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ: «پەرۋەردىگارىم! ئوغلۇم مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەردىن ئىدى (سەن ماڭا ئۇلارنىڭ نىجات تېپىشىنى ۋەدە قىلغان ئىدىڭ)، سېنىڭ ۋەدەڭ ئەلۋەتتە ھەقتۇر، سەن ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا ھۆكۈم قىلغۇچىسەن» دېدى» (سۈرە ھۇد 45- ئايەت)

اللە ئۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى:

﴿قَالَ يَٰنُوحُ إِنَّهُۥ لَيۡسَ مِنۡ أَهۡلِكَۖ إِنَّهُۥ عَمَلٌ غَيۡرُ صَٰلِحٖۖ فَلَا تَسۡـَٔلۡنِ مَا لَيۡسَ لَكَ بِهِۦ عِلۡمٌۖ إِنِّىٓ أَعِظُكَ أَن تَكُونَ مِنَ ٱلۡجَٰهِلِينَ﴾

«ئاللاھ ئېيتتى: «ئى نۇھ! ئۇ(مەن نىجات تېپىشىنى ۋەدە قىلغان) ئائىلەڭدىكىلەردىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئەمەلى ياماندۇر، سەن ئېنىق بىلمىگەن نەرسەڭنى مەندىن سورىمىغىن، مەن سېنىڭ جاھىللاردىن بولماسلىقىڭنى نەسىھەت قىلىمەن» (سۈرە ھۇد 46-ئايەت)

ئۇ سىنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىڭدۇر... سەن بىلەن نۇرغۇن كۈنلەر بىللە بولغان قېرىندىشىڭدۇر؛ ئۇ توي قىلىپ بولۇپ ، سەندىن ئايرىلىپ كېتىدۇ. ئەمما، سىنىڭ ھىجرەت قىلغان قېرىندىشىڭ ئۆز خوتۇنى، ئۆز بالىلىرى بىلەن ھىجرەت قىلىدۇ. سەنمۇ خوتۇن بالا-چاقىلىرىڭ بىلەن ھىجرەت قىلىسەن. لېكىن، ئۇ بۇ يولدىكى سىنىڭ ھەمراھىڭدۇر. قۇربانلىق بېرىش يولىدىكى ھەمراھىڭدۇر... بۇ سەمىمىي ساداقەتمەنلەردىكى ئەڭ ئامراق ھەمراھىڭدۇر، ئۇنىڭ كۈنلىرى، ئۇنىڭ ئەسلىمىلىرى... مۇئمىن قەلبىگە سۆيۈملۈك تۇيۇلىدۇ. سىنىڭ بۇنداق قېرىندىشىڭ سىنىڭ كۆڭلۈڭگە سىنىڭ بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىڭدىن، ئاتا-ئاناڭدىن سۆيۈملۈك بولۇشى زۆرۈر. ئەگەر ئۇنىڭ ئىمانى سىنىڭ قېرىنداشلىرىڭنىڭ ئىمانىدىن ئارتۇق، مۇستەھكەم بولسا... شۇنداق بولىدۇ ... سىنىڭ داداڭ، قېرىنداشلىرىڭ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭ ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ... پەقەتلا پالانىنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى شۇنداق قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار مېنىڭ دوستۇم ئەمەس. مەن بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تۇغقانچىلىق ، دوستلۇق بولسا داستىخان، پۇل ئۈستىدىكى دوستلۇق، تۇغقانچىلىق ... ئۇلارغا ھېيت كۈنلىرى سوۋغا-سالام ئەۋەتسەم، مەن ئۇلار بىلەن مۇشۇنداق دوست. لېكىن، الله بىز ئۈچۈن تاللىغان يولدا

ياشاۋاتقانلار بىلەن بىر قەلب بىلەن ياشايدۇ. ئۇلار بىلەن ئوتتۇرامىدا ھېچقانداق شەخسىي مەنپەئەت مۇناسىۋىتى يوق. شۇنداق بولسىمۇ، بىز ئىنتايىن يېقىن. چۈنكى، بىز جىھاد يولىدا... بۇ دىن يولىدا... بىزنىڭ يېتەكچىمىز رەسۇلۇللاھ ماڭغان سەممىي ساداقەتمەنلەر يولىدا.

مۇجاھىدلار ھەممىدىن ئادا-جۇدا بولۇپ ، ھەممىدىن ۋاز كېچىپ مەدىنىگە كەلدى. رەسۇلۇللاھ مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار ئوتتۇرىسىدا قېرىنداشلىق ۋارىسلىقى ئۆز-ئارا مىراسخور بولۇش ۋارىسلىقى، دىن قېرىنداشلىقى، دوستلار قېرىنداشلىقى مۇناسىۋىتى ئورناتتى... پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشقا تۈنجى قېتىم دىققەت قىلدى ھەم كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ بولسا ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە ئىدى. ئۇلارنى كاپىر قېرىنداشلىقىدىن مۇسۇلمان قېرىنداشلىقىغا... بەختسىز كاپىرلار تۇققانچىلىقىدىن دىن ئۇستىدىكى قېرىنداشلىققا باشلىدى... شۇنىڭ بىلەن ئەنسارلار كېلىپ مۇنداق دېدى: بىزنىڭ بىسات نەرسە كېرەكلىرىمىز سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا تەقسىم قىلايلى.

سەئىد ئىبنى رەبىئە بولسا ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف بىلەن قىيامەتلىك قېرىنداش بولغان ئىدى. سەئىد ئىبنى رەبىئە بولسا ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفكە مۇنداق

دېدى: قېرىندىشىم مەن نەرسە كېرەكلەرنى، ئۆي-بىساتلىرىمنى، باغلىرىمنى، ئىككىيلەن ئوتتۇرىمىزدا تەقسىم قىلىمەن. ئىككىمىزگە ئايرىيمەن. مېنىڭ ئىككى ئايالىم بار. بىرىنى سەن ئۈچۈن تالاق قىلىپ، ئۇنى ساڭا نىكاھلاپ بېرەي، ماڭا بىرسى ساڭا بىرسى بولسۇن.

بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف مۇنداق دەيدۇ: ياق، بۇنداق قىلىسىڭىز بولمايدۇ. مېنى بازارغا ئاپىرىپ، تىجارەتنىڭ يولىنى قىلىشىپ بېرىڭ، دەپ زادىلا بۇنىڭغا كۆنگىلى ئۇنىمىدى. ئامالسىز قالغان سەئىد ئىبنى رەبىئە ئۇنى بازارغا ئاپىرىپ تىجارەتنىڭ ئامالىنى قىلىشىپ بەردى. نەتىجىدە ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف مەدىنىدىكى ئەڭ باي ئادەملەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرىغا ئىنتايىن كۆپ مال-مۈلۈك سەرپ قىلاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن الله يولىدىكى غازاتقا تەييارلىق قىلاتتى. زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام مەدىنىگە كەلدى. ئۇنىڭ ئايالى ئەسما مۇنداق دەيدۇ: مەن سېۋەتكە خورما ئۇرۇقلىرىنى سېلىپ يۆتكەيتتىم. مەن داۋاملىق بېشىمدا سېۋەتنى قويۇپ يۆتكەۋەرگەنلىك سەۋەبىدىن چاچلىرى چۈشۈپ كەتتى. ئەسما خورما ئۇرۇقلىرىنىڭ بىر قىسمىنى زۇبەيىرنىڭ ئېتىغا ئوزۇقلۇق قىلىپ بېرەتتى، بىر

قىسمىنى يارغۇنچاقتا ئېزىپ ئۆزى ئۈچۈن يېمەكلىك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدا بۇغداي، ئارپا ۋە ياكى باشقا نەرسىلەر يوق ئىدى. ئەمما زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شەھىد بولغاندا، ئۇنىڭ مال-مۈلكىنى ھېسابلىغان ئىدى مىليون دەرھەم(كۈمۈش پۇل) چىقتى. ئۇ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ چىققاندا بىر ئاتتىن باشقا ھېچ نەرسىسى يوق ئىدى. ئات بولسا جىھاد ئۈچۈن يىغىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن جىھاد قىلغۇچىلار ئۆز يۇرتىدىكى ئەمەل-مەنسەپلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقمايدۇ. ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىدىن قايتىپ بارغاندا ئۆز ۋەزىپىسىنى قولغا ئالالماسلىقتىن قىلچىلىك ئەندىشە قىلمايدۇ. اللهنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئاڭلاش ئۈچۈن «كىمكى الله يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن ئۇ چىقىش يولى زېمىندا كەڭرىچىلىككە ئېرىشىدۇ»

سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بۇ (چىچىنىيەلىك) ئادەم كەلدى. ئۇنىڭ قەۋمى رۇسىيە چارپادىشاھىنىڭ ھۆكۈمىدىن قورقۇپ ۋە قىزىل كوممۇنىستلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن قېچىپ ئىئوردانىيەگە كەلگەن ئىدى.

دەسلەپتە، ئۇلارنىڭ كۈنى ئىنتايىن قىيىن بولۇپ ، شوخلا تېرىپ سېتىپ مىڭ تەسلىكتە جان باقاتتى؛ كېيىن الله ئۇلار تۇرۇۋاتقان تاغلىق زېمىننى پايتەخت قىلىشقا نېسىپ قىلدى؛ ئۇ يەرنى ئىئوردانىيەنىڭ

پايتەختتى قىلغان ئىدى. ئۇلار ئۆزلۈكىدىن بېيىپ كەتتى.

بۇنى ئاڭلىغان كۆرگەن ئادەم اللەنىڭ بۇ ئايەتلىرىنى ئەسلىمەي تۇرالمايدۇ :

«كىمكى الله يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن ئۇ چىقىش يولى زېمىندا كەڭرىچىلىككە ئېرىشىدۇ»

«زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن الله يولىدا ھىجرەت قىلغانلارنى، الله دۇنيادا ياخشى ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئەگەر ئۇلار بىلسە ئاخىرەتنىڭ ئەجرى تېخىمۇ كاتتىدۇر»

شۇڭلاشقا سىلەر ئەمەل-مەنسەپلىرىڭلاردىن ئەنسىرىمەڭلار! قورقماڭلار! 1969-1970-يىللىرى بىز بىلەن بىرگە پەلەستىن ئۇرۇشىغا قاتناشقانلارنىڭ (الله بىلەن قەسەمكى) ھەممىسى ئۆز ۋەزىپىلىرىنى، ئۆز خىزمەتلىرىنى تاشلىغان ئىدى... ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله بىزگە غەلىبە ئاتا قىلدى... بىزنىڭ ماددىي ئەھۋالىمىزنى ياخشىلىدى. سىز بىزنىڭ ھېچقانداق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئوزۇق-تۈلۈكسىز، ماددىي كىرىمسىز، جەڭگە كىرگەنلىكىنى كۆرمەيسىز، ھەم كۆرەلمەيسىز.

# ئەسلىمىلەر

مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ بىرىدە ئوقۇتقۇچى ئىدىم. ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئىستېپا بېرىپ جىھاد قىلىشقا باردىم . بىز ئومان تاغلىرىدىن تاج تېغى دەپ ئاتىلىدىغان ناھايىتى ئاددىي بىر ئۆينى ئىجارىگە ئالدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن بىز مۇجاھىد بولغاندا كارىۋىتىمنى بىر ئۇخلاش ئۆيىگە قويدۇم. بىز بىلەن جىھاد قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمنىڭ لاي ئۆيلىرىدىن بىرىنى (ھەقسىز) ئىجارىگە ئالدىم. مەن ئەسلىدە ئۇلار مەندىن ئىجارە ھەققى ئالىدۇ دەپ گۇمان قىلغان ئىدىم. بىر ئېغىز ئۆي بولسا ھەم ئاشخانا ھەم ئۇخلاش ئۆيى، ھەم مېھمانخانا، ھەم زال، ھەم مۇنچا... بىر ئېغىز ئۆي –ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىر كەڭلىكى ئىككى يېرىم مېتىر كېلىدىغان بىرلا ئېغىز ئۆي ئىدى. ئۇرۇق-تۇققانلار، تۇققانلارنىڭ ئاياللىرى، ئۇلارنىڭ نەزەرلىرى، كۆز- قاراشلىرى خوتۇن ئالدىدا ئۆزگەردى؛ چۈنكى، ئۇ ئېرىنىڭ كۈتكۈچىسى، تاغ ئۈستىدە كىچىك باللار بىلەن ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ قالغان ئىدى. ئاتا-ئانام كېلىپ (مېنى بۇ ئەھۋالدا كۆرۈپ) ئوغلۇم، مەن ئەمان تاغلىرىدا چوڭ ئىشلارنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد

قىلىۋاتىمەن. مانا سەن ئۆز ئائىلەڭنى تاشلاپ تاغدا يۈرۈۋاتىسەن دەپ يىغلاپ كەتتى، ئارقىدىن ئانام يىغلىدى، بۇنىڭغا جاۋابەن بىز مۇنداق دېدۇق:

(۞ وَيَٰقَوۡمِ مَا لِيٓ أَدۡعُوكُمۡ إِلَى ٱلنَّجَوٰةِ وَتَدۡعُونَنِيٓ إِلَى ٱلنَّارِ ٤١)

« سىلەر مېنى ئاللاھنى ئىنكار قىلىشقا، مەن بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلىسىلەر، ھالبۇكى، مەن سىلەرنى غالىب، (بەندىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى (ئاللاھ) قا دەۋەت قىلىمەن» (سۈرە غافىر 41-ئايەت)

ئەڭ مۇھىمى مېنىڭ ئاتا-ئانام ۋە ئايالىم مېنى قايتۇرۇپ كېتىشكە ئۇرۇندى، رۇخسەت يوق، ئاتا-ئانامنىڭمۇ بۇنداق قىلىش ھوقۇقى يوق؛ مەن قايتىشنى رەت قىلدىم، چۈنكى ، ھازىر جىھاد پەرز ئەيىن بولۇپ، ھەر بىر شەخس ئۆزى ئادا قىلمىسا بولمايدىغان پەرزدۇر؛ شۇڭا ئاتا-ئانامنىڭمۇ بۇنداق قىلىش ھوقۇقى يوق. ئايالىم يېقىنلىرىمىزنىڭ ئاياللىرىغا ئۇ بىزنى يوقلاپ كەلمەيدۇ، مەن بىلەن كارى بولمايدۇ.. دەپ شىكايەت قىلىشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭغا:خاتىرجەم بولغىن، سەن دۇنيادا ئۇ ئاياللاردىن ياخشى ئايال بولۇپ قالىسەن؛ ئاخىرەتتىن ئىلگىرى

بۇ دۇنيادا ياخشىلىققا ئېرىشسەن، ئاخىرەتتە تېخىمۇ چوڭ ئەجىرگە ئىگە بولىسەن. چۈنكى، الله مۇنداق دېگەن: «زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن الله يولىدا ھىجرەت قىلغانلارنى بىز دۇنيادا ئەلۋەتتە ياخشى ئورۇنغا ئىگە قىلىمىز» ئاخىرەتتىن ئىلگىرى مۇشۇ دۇنيادا ياخشى ئورۇنغا ئىگە بولىمىز . ئەمەلىيەتتە مەن «ماگىستىرلىق» ئۇنۋانىغا ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېرىشكەن ئىدىم. مەن مەغاردا ئوقۇغان ماڭا يېتىپ كەلگەن كىتابلارنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئوقۇپ بولغان ئىدىم. شۇنداقلا ھامىشىدىمۇ ئوقۇغان، ئادەتتە ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا «ماگىستىرلىق» ئۇنۋانىغا ئېرىشىش بەكمۇ قىيىن ئىدى. مەن ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتىم ۋە بۇنىڭدا لاياقەتسىز بولۇپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ قايتتىم. كېيىن ماڭا سەن «ماگىستىرلىق» ئۇنۋانىدا لاياقەتلىك بولدۇڭ دەپ تېلېگىرامما كەلدى. لېكىن، دوكتورلۇققا قوبۇل قىلمىسا ماگىستىرلىق ياخشى ھېسابلانمايتتى. شۇنىڭ بىلەن قېرىندىشىمغا خەت يېزىپ سەن مەندىن ھەقىقىي گەپنى يوشۇرۇپسەن قوبۇل قىلىنىسىمۇ، قوبۇل قىلىنمىسىمۇ راست گەپنى قىلغىن دېدىم. ئاندىن ئۇ ماڭا ئىككىنچى قېتىم تېلېگىرامما ئەۋەتىپ: سىنىڭ نەتىجەڭ ئىنتايىن ياخشى مەن ساڭا دوكتورلۇق ئارگىنالى ئەۋەتەي دېدى. ماڭا بىرىنچى قېتىم

يېتىدىغىنى، بىرىنچى قېتىمدا لازىم بولىدىغىنى... دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئەمەس ھەمدە اللە مەندىن دوكتورلۇق توغرىسىدا ھېساب ئالمايدۇ. اللە بىلەن قەسەمكى مەن ئەمدى جەڭ قىلسام يەنە مەغارەدىن قاھىرەگە، قاھىرەدىن مەغارەگە قايتىمەن «بىز ئۇلارنى دۇنيادا ياخشى ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرىمىز»

مۇشۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار كېلىپ (تاجاۋۇزچى، تەسلىمچىلەر) ئىئوردانىيەدىكى پىدائىيلارنى قىرغىن قىلدى. جىھادنى ئويلايدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە جاللاتلارنىڭ تۈرمىسىدىن باشقا جاي يوق بولۇپ قالدى.

كېيىن مەن شەرىئەت فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىندىم. (ئۇلار مېنى ياردەمچى ئوقۇتقۇچى قىلماقچى بولدى) ئۇلار مېنى ياردەمچى ئوقۇتقۇچى قىلىپ قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەن دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتىم. شۇنداق قىلىپ ئەمماندىكى بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىدىن بىۋاستە ئالى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىغا ئۆزگەردىم. ئالى مەكتەپتە ئۇستاز بولدۇم.

«بىز ئۇلارنى دۇنيادا ياخشى ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرىمىز، ئەگەر ئۇلار بىلسە ئاخىرەتتىكى ئەجىر تېخىمۇ چوڭ كاتتا لېكىن، ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇنى بىلمەيدۇ. »

قورققۇچى خىزمەت مەنسەپلىرىنى چىڭ تۇتىدۇ. ئۇلار قولۇمدىكى خىزمەت، مەنسەپلەردىن ئايرىلىپ قالسام جان ساقلىيالماي قالىمەن دەپ قارايدۇ. ئۇ خۇددى شۇ خىزمەت مەنسەپلىرى ئۇنىڭغا رىزىق بېرىۋاتقاندەك، اللە ئۇنىڭغا رىزىق بەرمەيۋاتقاندەك، ھەتتاكى، اللەنىڭ رىزىق بېرىش سۈپىتىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، راستىنى ئېيتقاندا بۇنداق ئادەملەرنىڭ قەلبىدە ئىمان يوق. چۈنكى، ئۇ اللە بېرىدۇ دەپ قارىماي بەلكى، خىزمىتىم، ئەمگىكىم بىلەن ئېرىشتىم دەپ قارايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەتراپىدىكى قەلبى ئۆلگەن كىشىلەر اللە ۋە اللەنىڭ رەسۇلىنى دەپ ئەمەل-مەنسەپتىن ئايرىلغان سەممىي مۇسۇلمانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «دىققەت قىلغىن ۋەزىپە، خىزمەت كېتىپ قالسا كەلمەيدۇ. بىز جاپا-مۇشەققەت، قىيىنچىلىق ۋاقتىدا، سېنىڭ زېھنىڭ كېتىپ قېلىپ قېرىلىق ھالغا كېلىپ قالدىڭ، باشقا خىزمەت تاپالمايسەن، دۆلەت سېنى خىزمەتتىن بوشاتماقچى بولۇۋاتىدۇ . دىققەت قىل»

ئۇلارنىڭ قارىشىچە گوياكى رىزىق اللە تەرىپىدىن كەلمەي مۇشۇ خىزمەتتىن كېلىدىغاندەك، ئەي قېرىلىق يېشى يېتىپ قالغان ئادەم :«سەن ئالىدىغان ئىككى مىڭ رىيال اللە شۇ خوجايىنلارغا بەرگەن رىيالدۇر، شۇ خوجايىنلار ساڭا بەرگەن ئەمەل مەنسەپنى اللە ئۇلارغا بەرگەن. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ئەگەر سەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالماي قويۇپ قويساڭ، ئۇ مېنى قويۇپ بېرەرمۇ ؟ پەقەتلا اللەنىڭ رىزالىقى... پەقەتلا اللەنىڭ رىزالىقى.

ھىجرەت- خىزمەت ۋەزىپە ھىجرىتى، ئالى مەكتەپ ھىجرىتى، ئۆز ئائىلىسى ئۈچۈن بولغان ھىجرەت كىم ئۈچۈن بولۇشى كېرەك؟ الله ئۈچۈن بولۇشى كېرەك.

«اللەنىڭ يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا، ئاندىن جىھاد قىلىپ شەھىد بولغانلارغا ياكى(كېسەل سەۋەبى بىلەن) ئۆلگەنلەرگە الله ئەلۋەتتە ياخشى رىزىق ئاتا قىلىدۇ. شەك شۈبھىسىزكى، رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى الله ئۇلار رازى بولىدىغان (جەننەتكە ) كىرگۈزىدۇ. شەك شۈبھىسىزكى، الله ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى ھەلىمدۇر»

ساھابىلەردىن بىرى فەزالە ئىبنى ئۇبەيدە بىر قېتىملىق دېڭىز سەپىرىدە دۈشمەنلەرنىڭ مانچاناق بىلەن قىلغان ھۇجۇمىغا ئۇچراپ بىرسى ئۆلۈپ قالدى. ئۇلاردىن يەنە بىرسى جەڭ مەيدانىدا شەھىد بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار، ئۇلارنى دەپنە قىلدى. شۇنداق قىلىپ فەزالە ئۆزى ۋاپات بولغان (يەنى، جەڭگە كىرمەي تۇرۇپ) ئۆلۈپ كەتكەن مۇسۇلماننىڭ قەبرىسى يېنىدا ئولتۇرۇپ، ھېلىقى شەھىد بولغان قەبرىنىڭ يېنىدا ئولتۇرمىغان ئىدى، ئادەملەر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ سەن نېمىشقا شەھىدنىڭ قەبرىسى

يېنىدا ئۆلتۈرمەي، شەھىد بولمىغان ئادەمنىڭ قەبرىسىدە ئۆلتۈرسەن ؟ دەپ سورىغاندا ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: الله بىلەن قەسەمكى مېنىڭ كۆڭلۈمگە بۇ ئىش كېلىپ باقمىدى، بۇ ئىككى ئادەمنىڭ ھەر ئىككىلىسى الله ئۈچۈن نىيەت قىلىپ چىققان، شۇڭلاشقا بۇ ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق يوق. چۈنكى، الله مۇنداق دېگەن: «اللەنىڭ يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا، ئاندىن جىھاد قىلىپ شەھىد بولغانلارغا ياكى(كېسەل سەۋەبى بىلەن) ئۆلگەنلەرگە الله ئەلۋەتتە ياخشى رىزىق ئاتا قىلىدۇ. شەك شۈبھىسىزكى، رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى الله ئۇلار رازى بولىدىغان (جەننەتكە ) كىرگۈزىدۇ. شەك شۈبھىسىزكى الله ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى ھەلىمدۇر»

مۇبادا الله ماڭا ياخشى رىزىق بەرسە، مېنى رازى بولىدىغان جايغا (يەنى جەننەتكە) كىرگۈزسە، يەنە مەن بۇنىڭدىن باشقا نېمىنى خالايمەن، نېمىنى ئىرادە قىلىمەن؟

چۈنكى، بۇنى اللەنىڭ تارازىسىدا تارتىپ بولغىلى بولمايدۇ. سەن ئالدىرىماي (جاجىغا) بارغىن. ئۆز يولۇڭغا ماڭغىن، ئۇ يەردە سەن شەھىد بولىسەن؛ پىشاۋۇردا ئۆلسەڭ شەھىد بولىسەن... نەدە ئۆلسەڭ شەھىد ئۆلىسەن؛ پەقەت بىرلا شەرت بىلەن يەنى

جىھادنى توختىماي ئېلىپ بېرىش نىيىتى بولۇش، ئەمما، سىز بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ بىر ئاي تۇرۇپ قايتىسىز. مۇبادا سىز قايتىپ بارغان يولدا ئۆلسىڭىز – شەھىد بولىسىز. لېكىن، سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدە جىھادنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدىغان نىيەت بولۇشى زۆرۈر. ھەتتاكى سىز مۇشۇنداق نىيەتتە بولۇپ ، ئائىلىڭىزدىكىلەرنى يوقلاپ بېرىپ، ئۇ يەردە ئۆلسىڭىز شەھىد بولىسىز، ئەلۋەتتە، نىيەتتە جىھادنى داۋاملاشتۇرۇش نىيىتى بولۇش زۆرۈردۇر. نىيەت ئىنتايىن مۇھىم، ئەڭ مۇھىمى سىزنىڭ نىيىتىڭىز الله يولىدىكى جىھادنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، ھىجرەتنى ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىش نىيىتى بولسۇن. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، سىز ئۆلتۇرۇلۇڭ ياكى كېسەل بولۇپ ئۆلەڭ ئوخشاش «ئاندىن ئۇلار ئۆلتۇرۇلسۇن ياكى (كېسەل سەۋەبى بىلەن) ئۆلسۇن ئوخشاش»

جىھادنىڭ بىرىنچى باسقۇچى الله ئەززە ۋەجەللىنىڭ تارازىسىدا ئەڭ ئۇلۇغ ئەڭ كاتتا ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ھىجرەت قىلمىغان ئەرەبلەرنى غەنىمەتتە شېرىك بولۇشقا يول قويمىدى؛ چۈنكى، ئۇلار جىھادقا قاتناشمىغان ھەم ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئوتتۇرىسى بىلەن مۇئمىنلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق بولمىغان «ئىمان ئېيتقان، ئەمما، مەدىنىگە ھىجرەت قىلمىغانلار بىلەن

سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا تاكى ئۇلار ھىجرەت قىلغانغا قەدەر ئۆز-ئارا ئىگە بولۇش(يەنى ياردەملىشىش، مىراسخور بولۇش) بولمايدۇ، ئەگەر دىن ئىشىدا ئۇلار سىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كېلىشىم بولمىسا ئۇلارغا ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك» ئۇلارغا پەقەت دىندا (دىندىكى ئىشلاردا) ياردەم بېرىش زۆرۈردۇر. بىز بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا توختام بولمىغان، بىز بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۆز-ئارا ياردەم بېرىش كېلىشىمى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇلارغا ياردەم بېرىشىڭلار زۆرۈردۇر. بىز بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىمان دوستلۇقى ۋە ئۇنىڭ غەلىبىسى توغرىسىدا ھېچقانداق مۇناسىۋەت يوق.

شۇڭا، الله ھېچقانداق ئۆزرىسىز ھىجرەت قىلمىغان، ئەبۇ جەھىل بىلەن بىللە بىر سەپتە تۇرۇپ مۇسۇلمان بولغانلارغا قارشى ئۇرۇشقا چىقىپ، مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن مۇسۇلمانلارنى دوزاختا سالىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ئىنتايىن يامان بولىدىغانلىقىنى قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنىدۇ.

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ تَوَفَّىٰهُمُ ٱلْمَلَـٰٓئِكَةُ ظَالِمِىٓ أَنفُسِهِمْ قَالُوا۟ فِيمَ كُنتُمْ ۖ قَالُوا۟ كُنَّا مُسْتَضْعَفِينَ فِى ٱلْأَرْضِ ۚ قَالُوٓا۟ أَلَمْ تَكُنْ أَرْضُ ٱللَّهِ وَٰسِعَةً فَتُهَاجِرُوا۟ فِيهَا ۚ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ مَأْوَىٰهُمْ جَهَنَّمُ ۖ وَسَآءَتْ مَصِيرًا ﴿٩٧﴾﴾

« ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇففارلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار) نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «(دىنىڭلارنىڭ ئىشىدا) قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «زېمىندا (يەنى مەككە زېمىنىدا) بىز (دىنىنى بەرپا قىلىشتىن) بوزەك قىلىنغان ئىدۇق» دەيدۇ. پەرىشتىلەر: «ھىجرەت قىلساڭلار ئاللاھنىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟» دەيدۇ. ئەنە شۇ (ھىجرەت قىلمىغان) لارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!»«سۈرە نىسا97 -ئايەت»

ئىززەتلىك پەرۋەردىگار ئۇلارغا جەھەننەم بىلەن ھۆكۈم قىلدى. پەقەتلا ئەر-ئاياللاردىن، بالىلاردىن تۆۋەندىكى كىشىلەرنى بۇ ھۆكۈمدىن مۇستەسنا قىلدى «ھىجرەت قىلىشقا ئۇلاغ تاپالمايدىغان، يول بىلمەيدىغانلار» يەنى ئۇلاغ ئۈستىدە ياكى ماشىنا،

ئايروپىلان ئۈستىدە ئولتۇرالمايدىغان ئۆزى شەخسەن ھىجرەت قىلىشقا كۆچى يەتمەيدىغان مەدىنىگە (ياكى ھىجرەت جايىنىڭ) ھىجرەت قىلىپ بارىدىغان يولنى بىلمەيدىغانلار «ئەنە شۇلارنى اللە ئەپۇ قىلغاي، اللە ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر» پەقەتلا يېشى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ ئات، ماشىنا، پويىز قاتارلىقلاردا ئولتۇرالمايدىغان ياشانغانلار، يول بىلمەيدىغان ئاياللار؛ ئاياللار گەرچە يالغۇز بولسىمۇ ھىجرەت قىلىدۇ، يەنە مەھرەمسىز بولسىمۇ، چۈنكى، ئۇممۇ سەلەمە يالغۇز ھىجرەت قىلدى. ئوسامە ئىبنى زەيدنىڭ ئانىسى ئۇممۇ ئەيمەن قاتارلىقلار يالغۇز ھىجرەت قىلدى. ئۇلار يوللاردا قاتتىق تەشنالىق تارتتى. مۇشۇ ۋاقىتتا، اللە ئۇلارغا مەڭگۈلۈك تەشنا بولمايدىغان ئىچىملىكلەرنى ئاتا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنى ئىچىپ مەڭگۈ تەشنا بولمايدىغان بولدى.

# ھىجرەت ۋە تەييارلىق

بىز جىھادنىڭ باسقۇچلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، جىھاد تۆت باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ ، بۇ باسقۇچلار بىر-بىرىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ دېگەن ئىدۇق.

بىرىنچى باسقۇچ: ھىجرەت باسقۇچى... ئۇنىڭدىن كېيىن تەييارلىق... ئاندىن ئىتتىپاقلىق... ئاندىن ئۇرۇش قىلىش...

مانا بۇ تۆت باسقۇچ جىھادنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ...

بىرىنچى ھىجرەت:- ئۇرۇشنىڭ، جىھادنىڭ زۆرۈرىيەتلىرىدىن بىرى، چۈنكى، ئۇ قۇربانلىق بېرىشنىڭ تېمىسى، قۇربانلىق پىداكارلىقنىڭ سىمۋولى.

ھىجرەت بولسا :- ئائىلىڭىزنى، ۋەتىنىڭىزنى، خۇلۇم-خوشنىلىرىڭىزنى، مەكتەپ، ئۇنىۋېرسىتېتلارنى، ئەمەل-مەنسەپلەرنى، تەرك ئېتىپ تاشلاش، مانا بۇ قۇربانلىق بېرىشنىڭ تېمىسى.

يۇقىرىقى ئىشلارنى ئورۇنلىيالىسىڭىز سىزنىڭ چوڭقۇر يۈرەك قاتلىمىڭىز بىلەن پاك كۆڭلىڭىز

ئوتتۇرىسىدىكى سەممىمىي سادىقلىق بىلەن كۆتۈرگەن ئىسلام ئاساسى ۋە ئۇنىڭ ئەقىدىسى ئۈچۈن قۇربانلىق بېرىش ئىخلاسى سىزنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىزدا يالقۇنلايدۇ. ھىجرەت قىلمىغان كىشى پەقەتلا ئۆزى تۇغۇلغان زېمىندىكى دۇنيا ئىتتىپاقىنىڭ مەلۇم بىر تەرىپى بىلەنلا ئالاقە باغلىيالايدۇ، بىلىڭكى: مال-مۈلۈك، ئائىلە، خىزمەت، ئەمەل-مەنسەپ، يېزا-ئىگىلىك، سانائەت قاتارلىقلار ئىئوردانىيەدىن پاكىستانغا ئۆز ئىشىنى تاپالماستىن، ئۆز ئالى مەكتىپىگە ئالى مەكتەپ تاپالماستىن قورقىدۇ.

شەك شۈبھىسىزكى الله ئەززە ۋەجەللە بارلىق دۇنيانى تارازىنىڭ بىر پەللىسىگە قويسا جىھادنى يەنە بىر پەللىسىگە قويىدۇ:

﴿قُلۡ إِن كَانَ ءَابَآؤُكُمۡ وَأَبۡنَآؤُكُمۡ وَإِخۡوَٰنُكُمۡ وَأَزۡوَٰجُكُمۡ وَعَشِيرَتُكُمۡ وَأَمۡوَٰلٌ ٱقۡتَرَفۡتُمُوهَا وَتِجَٰرَةٌ تَخۡشَوۡنَ كَسَادَهَا وَمَسَٰكِنُ تَرۡضَوۡنَهَآ أَحَبَّ إِلَيۡكُم مِّنَ ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَجِهَادٍ فِي سَبِيلِهِۦ فَتَرَبَّصُواْ

حَتَّىٰ يَأْتِيَ ٱللَّهُ بِأَمْرِهِۦ ۗ وَٱللَّهُ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلْفَٰسِقِينَ ﴾

«ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭلار (ھەممىدىن ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل ـ ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى ئاللاھنىڭ ئەمرى (يەنى مەككىنى پەتھى قىلىش ئىزنى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، ئاللاھ پاسىق قەۋمنى (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ چەك ـ چېگراسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ» (سۈرە تەۋبە 24-ئايەت)

كۈتۈڭلار يەنى گوياكى سەن مۇنداق دەۋاتقاندەك... «قارىغىن مەن سېنى كۆرۈۋاتىمەن.» شۇنداقلا اللە ئەزىزە ۋەجەللە دەۋاتىدۇ كۈتۈپ تۇرۇڭلار... قاراپ تۇرۇڭ... اللەنىڭ ئەمرى كەلگىچە كۈتۈپ تۇرۇڭلار! جاپا- مۇشەققەت، مۇسىبەت، بالايى-ئاپەت (كېلىپ سىلەرنى بىر تەرەپ قىلغۇچە كۈتۈپ تۇرۇڭلار!)، چۈنكى، سىلەر غازات قىلمايسىلەر، شۇنداقلا ئۆز

ئەھلىگىلار بىلەن ياخشىلىقتىن مەھرۇم قالىسىلەر، اللە ئاندىن قىيامەت كېلىشتىن ئىلگىرى بالايى-ئاپەتلەرنى ئەۋەتىدۇ.

اللە ۋە اللەنىڭ رەسۇلىنى سۆيۈش بولسا جىھادنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك تېمىسى...نېمە؟

جىھاد... (اللە يولىدىكى جىھاد) ئۇنىڭدىن كېيىن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن (اللە پاسىق قەۋمنى (اللەنىڭ دىنىنىڭ چېگراسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ) دېگەن شاھادەتنامىنى (گۇۋاھنامە) ئالغىن، مۇشۇنى چىڭ ساقلا، مۇشۇنى چىڭ ساقلىساڭ ئاسانراق دوزاخقا كىرىشكە بولىدۇ !!!1

سەن ئەگەر يېنىڭدا مال-دۇنيا بولسىمۇ، ئابرۇي مەنسەپ دەپ سەپتىن چۇشۇپ قالغۇچى ... سەن ئازغۇن، اللە سېنى ھىدايەت قىلمايدۇ، چۈنكى، سەن جىھادنى تەرك ئېتىپ، ئۆيۈڭدە خاتىرجەم راھەت كەچۈرۈپ، اللەنىڭ دىنىنىڭ چەك-چېگراسىدىن چىقىپ كەتكۈچى پاسىق بولىسەن . (اللە پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ)

خوش، اللە ھىدايەت قىلسا ھىدايەتنى نەدىن ئىزدەپ تاپىسەن؟!

# ساھابىلەرنىڭ ھىجرىتى

ھىجرەت دىمەك قۇربانلىق بىرىش دىمەكتۇر. سەن تۇغۇلغان زىمىنىنىڭ ئۆزىدە ئۆلۈپ كىتىشىڭ شەرت ئەمەس... پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن كىملەر مەدىنىدە ۋاپات بولدى؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر يۈز ئون نەچچە مىڭ (بەزى دەلىللەرگە ئاساسلانغاندا بىر يۈز ئون تۆت مىڭ ياكى بىر يۈز يىگىرمە تۆت مىڭ) كىشى بىرگە ھەج قىلدى، بۇ كىشىلەردىن قانچىلىك كىشى بەقىئە قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى؟ بۇ ۋاقىتتا مەدىنىدە بۇنىڭدىن باشقا قەبرىستانلىق يوق ئىدى. ھازىرغىچە بۇ قەبرىستانلىق يالغۇز تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ قەبرىستانلىققا ئاران 250 ساھابە دەپنە قىلىنغان؟... قالغان ساھابىلەر قەيەردە؟ ئۇلار قەيەرلەرگە دەپنە قىلىنغان؟ ئۇلار زىمىنغا دەپنە قىلىنغان؛ ئۇلار ئۆز ئۈستىگە ئالغان دىننى تارقىتىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىگە قويۇلغان ئامانەتنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىلىپ كەتكەن (اللەنىڭ ئەمرى كەلگىچە كۈتۈڭلار)

ھىجرەت قىيامەت قايىم بولغىچە داۋاملىشىدۇ. مادامىكى، ئۇ يەردە جىھاد بولىدىكەن. چوقۇم شۇ يەردە ھىجرەت بولىدۇ. بۇ توغرىلىق ھەدىسلەردە ئىنتايىن كۆپ بايانلار بار.

(مادامىكى، جىھاد مەۋجۇت بولىدىكەن، ھىجرەت قىلىش توختاپ قالمايدۇ) (كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش بولىدىكەن، ھىجرەت ھەرگىز ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ) (بۇ ھەدىسنى ئەھمەد ئىبنى ھەيبان، نەسەئى نەقىل قىلغان)

شۇڭا ھىجرەت جىھاد بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك (مادامىكى، جىھاد مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن، ھىجرەت قىلىش توختاپ قالمايدۇ، جىھاد قىيامەت كۈنىگىچە بولىدۇ . ئۇنى زوراۋانلارنىڭ زوراۋانلىقى، ئادىللارنىڭ ئادىللىقى بىكار قىلىۋېتەلمەيدۇ. جىھادنىڭ قىيامەت قايىم بولغىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزى دەلىل:- «ساۋاب (ئەجىر)، غەنىيمەت ، ياخشىلىق قىيامەت كۈنىگىچە ئاتنىڭ پېشانىسى(قاشقىسى ياكى يايلىسى)غا چىگىلگەن بولىدۇ » (ھەدىسنى ئەھمەد ئىبنى ھەيبان، نىسائى نەقىل قىلغان) ... غەنىيمەت قەيەردىن كېلىدۇ ؟ ...جىھادتىن كېلىدۇ ... ئەجىر قەيەردىن كېلىدۇ ؟... جىھادتىن ياخشىلىق قىيامەت كۈنىگىچە ئاتنىڭ پېشانىسى (قاشقىسى ياكى يايلىغا)

چىگىلگەن بولىدۇ . بۇ يەردىكى يەنە بىر نەقلىياتتا «سىلەر ھەممىڭلار ياخشى كۆرىدىغان قوماندان بىلەنمۇ ھەمدە ياقتۇرمايدىغان قوماندان بىلەنمۇ جىھاد قىلىشىڭلار لازىم.» (ئەبۇ داۋۇت نەقىل قىلغان) يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن «جىھاد قىيامەت كۈنىگىچە بولىدۇ » (ئەبۇ داۋۇت نەقىل قىلغان)

بۇ ھەدىسلەردىن تۆۋەندىكى بىر ھەدىس جىھادنىڭ قىيامەت كۈنىگىچە توختىماي داۋاملىشىدىغانلىقىغا دەلىل بولۇشقا يېتەرلىك:- «مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر گۇرۇھ داۋاملىق ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ، ئۇلارغا قارشىلىق قىلغۇچىلار ۋە ياردەم بەرمىگۈچىلەر (جىھادنىڭ غەلىبىسىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ جىھاد قىلمىغۇچىلار) بىلەن قىيامەت قايىم بولغىچە ئۇرۇش قىلىدۇ، ئۇلار داۋاملىق مۇشۇنداق تۇرىدۇ» (بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم نەقىل قىلغان) شۇڭلاشقا جىھاد قىيامەت بولغىچە داۋاملىشىدۇ، ئۇنداقتا، ھىجرەتمۇ قىيامەت بولغىچە داۋاملىشىدۇ... ئەمىسە بىز بۇ ئىككى ھەدىسنى قانداق چۈشىنىمىز.

مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن ھىجرەت قىلىش يوق. لېكىن، جىھاد ۋە نىيەت قېلىپ قالىدۇ... مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن ھىجرەت قىلىش يوق يەنى مۇھاجىر (ھىجرەت قىلغۇچى)نىڭ ئىسمىنىڭ مېدالى... ھىجرەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىسمى. ئۇ بۇ

مېدالنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئالغان. ساۋابنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھىجرەت قىلغان ساھابىلەر ئالغان، بۇ بولسا مەككىنىڭ پەتھىسى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالدى. يەنى مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى بىلەن ئاخىرلاشتى. چۈنكى، ھىجرەتتە خەۋپ -خەتەر، قىيىنچىلىق، قۇربانلىق بېرىش بولسا ئاندىن ئەجرى بولاتتى. ئەمما، مەككە ئىسلام يۇرتى بولۇپ قالدى. ئۇنداقتا، مەدىنىمۇ ئىسلام يۇرتى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق؛ يەنى، مەككە پەتھى قىلىنىپ ئىسلام يۇرتىغا ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلسا ساۋاب ئەجىر بولمايدۇ.

(لِلْفُقَرَآءِ ٱلْمُهَـٰجِرِينَ ٱلَّذِينَ أُخْرِجُوا۟ مِن دِيَـٰرِهِمْ وَأَمْوَٰلِهِمْ يَبْتَغُونَ فَضْلًا مِّنَ ٱللَّهِ وَرِضْوَٰنًا)

«ئۇ غەنىمەتنىڭ بىر قىسمى دىيارىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان . مال-مۈلكىدىن ئايرىلغان، پېقىر مۇھاجىرلارغا خاستۇر، ئۇلار اللەنىڭ پەزلى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ» (سۈرە ھەشىر8-ئايەت)

مانا بۇ تېما رەببانى قائىدە مەككە پەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى ھىجرەت قىلغان كىشىلەرگە... مەككە

پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن بۇ قائىدە قوللانمايدۇ ھەم مۇھاجىر دەپ ئاتالمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ مۇسۇلمان بولدى . سەفۋان ھۇنەيىن غازىتىدىن كېيىن مۇسۇلمان بولغان بولۇپ، ھۇنەيىن غازىتىدا كاپىر پېتى مۇسۇلمانلارغا قارشى جەڭ قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ شەخسىيەتچى، بايلىق، سوۋغا-سالاملارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بايقاپ، ئۇنىڭغا ئىككى تاغدىكى قويلارنىڭ ھەممىسىنى بېرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن سەفۋان مۇنداق دەپ كەتتى:«بۇنداق سېخىلىقنى پەيغەمبەردىن باشقا ئادەم قىلمايدۇ، پەقەت پەيغەمبەر قىلىدۇ»

بۇنى ئادەتتىكى ئىنسانلارنىڭ ئەقلى قوبۇل قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ پەيغەمبەر بۇنداق سېخىلىقنى پەيغەمبەردىن باشقا ئادەم قىلمايدۇ، سەفۋان ئىسلامنىڭ گۈزەل ئەخلاقىدىن تەسىرلىنىپ مۇسۇلمان بولغان بولۇپ، ئۇ ھىجرەتنىڭ ئەۋزەللىكىنى بىلىپ، مەدىنىگە كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: يا رەسۇلۇللاھ! مەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشنى نىيەت قىلدىم. بۇنى ئاڭلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

ھىجرەت ئۆز ئەھلى ئۈچۈن ئۆتۈپ كەتتى، (مەككە پەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى ھىجرەت قىلغۇچى ھىجرەت قىلغان... ئەمما، مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش ئاخىرلاشتى. لېكىن، ھىجرەت جىھاد بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ، قىيامەت كۈنىگىچە ئايرىلىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، جىھاد ھەرگىز ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، شۇڭا، ھىجرەتمۇ توختاپ قالمايدۇ. ھىجرەت قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىل بىلەن «شەكسىزكى الله يەھيا ئىبنى زەكەرىيانى بەش سۆز بىلەن بۇيرۇغان مەنمۇ بەش سۆزنى بۇيرۇيمەن :- جامائەت بولۇشقا ، قۇلاق سېلىشقا، ئىتائەت قىلىشقا. الله يولىدا جىھاد قىلىشقا، ھىجرەت قىلىشقا » (سەھىھى جامىئۇس سەغىردىن)

# شەيتاننىڭ قارشىلىقى

ھىجرەت جەننەتنىڭ يولى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەيتان ھىجرەت ۋە ھىجرەت قىلغۇچىلارنى يامان كۆرىدۇ. بۇ يەردە ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ھەببانلار نەقىل قىلغان ھەدىسنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز، :

«شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ يولىدا ئولتۇرىدۇ. ئاۋۋال ئىسلام يولىدا ئولتۇرۇپ ئادەم بالىسىغا مۇنداق دەيدۇ : سەن ئۆز دىنىڭنى ئاتاڭنىڭ دىنىنى ئەجدادلىرىڭنىڭ دىنىنى تاشلاپ مۇسۇلمان بولامسەن؟ ئادەم بالىسى ئۇنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي مۇسۇلمان بولسا، شەيتان ئۇنىڭ ھىجرەت يولىدا ئولتۇرۇپ: سەن ئۆز يۇرتۇڭنى، ئۆز نام-شەرىپىڭنى تاشلاپ ھىجرەت قىلامسەن دەيدۇ؟ ئادەم بالىسى بۇ ئىغۋالارغا پىسەنت قىلماستىن، ھىجرەت قىلسا (ھىجرەت قىلغۇچى خۇددى باغلاپ قويغان ئاتقا ئوخشايدۇ) ئاندىن شەيتان ئۇنىڭ جىھاد يولىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، سەن جېنىڭنى، مېلىڭنى سەرپ قىلىپ ئۇرۇشساڭ ئاندىن ئۆلتۈرۈلىسەن، ئاندىن خوتۇنۇڭنى باشقا بىرسى نىكاھلاپ ئالىدۇ، ماللىرىڭنى تەقسىم قىلىۋالىدۇ دەيدۇ. ئادەم بالىسى بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي جىھاد

قىلسا، ئاندىن كىمكى مۇشۇلارنى ھەقىقىي ئاللە ئۈچۈن قىلغان بولسا، ئاللەنىڭ ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈشى ھەقلىق بولىدۇ . يەنى ئاللە ئۇنداق ئادەمنى جەننەتكە كىرگۈزۈشنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇ ئادەم بالىسى ئۆلتۈرۈلسۇن، سۇغا غەرق بولسۇن ياكى ئۇلاغدىن يىقىلىپ ئۆلسۇن (ئىشقىلىپ قانداق ئۆلۈم بىلەن ئۆلسە ئۆلسۇن، ئاللە ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈشنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ) ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ.»

قانداق ئۆلۈم بىلەن ئۆلسە ئۆلسۇن، ئاللە جەننەتكە كىرگۈزۈشنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. سەن ئۆز يۇرتۇڭدىن ھىجرەت قىلىپ چىققان مۇساپە قانچىلىك يىراق، جاپالىق، بولغانسېرى سېنىڭ جەننەتتىكى ئورنۇڭ، ھەسسەلەپ، مەرتىۋەڭ شۇنچە ئاشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبنى مۇبارەك «مەرۇردىن چىقىشنى، يەنى، ھىجرەت قىلىشنى ياخشى كۆرگەن ئىدى. (مەرۇ بولسا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەزۋىن دېڭىزىغا يېقىن جاينىڭ ئىسمى) بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى ئىسلام يۇرتلىرى. ئىسلام ماكانى ئىدى. ناھايىتى ئەپسۇس... بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز كېچە –كۈندۈز جاپالىق جىھادلارنى قىلىپ ئۇلارنى بىزگە بويسۇندۇرغان ئىدى. كېيىنكى يامان ناچار ئەۋلادلار ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن بارلىق ياخشىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بىكار قىلىپ، زايە قىلىۋەتتى... شۇنداق

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 95% زېمىنى ئەسلىدە بىزنىڭ زېمىن ئىدى. ئىسلام دىيارلىرى ئىدى. يېقىنقى ئەسىرلەردە موسكۋا ئەڭ ئاخىرقى رۇسلارنىڭ مۇسۇلمانلاردىن مۇداپىئە قىلىنىدىغان قەلئەسى بولۇپ قالغان ئىدى، پەقەتلا موسكۋا قېلىپ قالغان ئىدى. قالغانلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولغان ئىدى.

(فَخَلَفَ مِنۢ بَعۡدِهِمۡ خَلۡفٌ أَضَاعُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَٱتَّبَعُواْ ٱلشَّهَوَٰتِۖ فَسَوۡفَ يَلۡقَوۡنَ غَيًّا )

« ئۇلار كەتكەندىن كېيىن (ئۇلارنىڭ) ئورنىنى باسقان ئورۇنباسارلار نامازنى تەرك ئەتتى، نەپسى - خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، ئۇلار (قىيامەتتە) گۇمراھلىقنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ » (سۈرە مەريەم 59-ئايەت)

بىز ئەجرى ئېشىپ بارىدۇ دېدۇق. ئىبنى ماجە، نەسەئى نەقىل قىلغان ھەسەن ھەدىسىدە مۇنداق بايانلار بار :«بىر ئادەم ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يېرىدىن باشقا بىر جايدا ئۆلسە جەننەتتە ئۇنىڭ تۇغۇلغان يېرىدىن نەپسى ئۈزۈلگەن جايغىچە ئۆلچەپ بېرىدۇ». سىنىڭ ھىجرەت قىلغان مۇساپەڭ قانچىلىك ئارتۇق بولسا ياكى قانچىلىك يىراق بولسا جەننەت ساڭا شۇنچىلىك ھەسسە ئۆلچىنىدۇ، يەنى تۇغۇلغان

جايدىن باشلاپ جان چىققان جايغىچە ئۆلچەپ ئەجىر بېرىلىدۇ. «قانچىلىك يىراقلاشسا سىنىڭ جەننەتتىكى ئورنۇڭ، مەرتىۋەڭ، ئەجرىڭ شۇنچە ئارتىپ بارىدۇ...» نېمە ئۈچۈن؟ مۇساپە قانچىلىك يىراقلاشسا، جاپا-مۇشەققەت شۇنچە كۆپىيىدۇ، جاپا-مۇشەققەت قانچە كۆپەيسە ئەجىر شۇنچىلىك كۆپىيىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلغۇچىلار ئۈچۈن جەننەتكە ئۈچ خىل ئۆي بىلەن كېپىللىك قىلدى. (تۆۋەن، ئوتتۇرا، يۇقىرى ) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:«مەن ماڭا ئىمان ئېيتقان، مۇسۇلمان بولغان، ھىجرەت قىلغان، جىھاد قىلغان كىشىگە جەننەت باغچىلىرىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئۈنىڭغا بېرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىمەن.»

مۇشرىكلار ئارىسىدىن، ھىجرەت قىلمىغانلاردىن ياكى دىن قانۇنلىرىنى قىلىشتىن مەنئى قىلىدىغان جىنايەتچى، كوممۇنىستلار، زالىملار ئارىسىدىن چىقىپ كېتىپ ھىجرەت قىلمىغانلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادا-جۇدا بولىدىغانلىقىنى جاكارلاپ مۇنداق دېدى:

«مەن مۇشرىكلار بىلەن بىللە تۇرغان، ئۆلگىچە ئۇلار بىلەن بىللە تۇرغان كىشىلەردىن ئادا-جۇدامەن. (يەنى

ئۇلار بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا ھېچقانداق مۇناسىۋەت يوق)»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېدى:-«ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتى ئۆز-ئارا كۆرۈنۈپ تۇرمىسۇن»...

ئەگەر سەن كېچىدە ئوت ياقساڭ، مۇشرىك كۆرمىسۇن؛ سەن مۇشرىكنىڭ ئوتىنى كۆرمە؛ مۇسۇلمان بىلەن كاپىر ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق بىرىنىڭ ياققان ئوتىنى كۆرەلمەيدىغان دەرىجىدە يىراق بولىشى ئادا-جۇدامەن دېگەن بولىدۇ .

مۇشرىكلارنىڭ، زالىملارنىڭ يۇرتلىرىنى تاشلاپ ھىجرەت قىلىش زۆرۈر. چۈنكى، الله ئەززە ۋەجەللە سېنىڭ ھاياتىڭدىكى ۋەزىپەڭنى ئىبادەت قىلىش دەپ بەلگىلىدى:

(وَمَا خَلَقْتُ ٱلْجِنَّ وَٱلْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ ﴿٥٦﴾ مَآ أُرِيدُ مِنْهُم مِّن رِّزْقٍ وَمَآ أُرِيدُ أَن يُطْعِمُونِ ﴿٥٧﴾ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلرَّزَّاقُ ذُو ٱلْقُوَّةِ ٱلْمَتِينُ ﴿٥٨﴾)

«جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم ئۇلاردىن مەن رىزىق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنى تىلىمەيمەن ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىگە

رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر، (ئاللاھنىڭ) قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر» (سۈرە زارىيات 56:57:58-ئايەتلەر)

توغرا، يۇرتۇڭدا سېنىڭ ئىدارەڭ بار! يەنە ئۇنىڭدىن باشقا نېمە بار؟ يەنە ئۇنىڭدا مەكتەپ بار، ئالى مەكتەپلەر بار شۇنداقمۇ؟ لېكىن، سەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلالمىساڭ، بۇ نەرسىلەرنىڭ قىممىتى نېمىگە تەڭ بولىدۇ ؟ ئەگەر سىز ھايات بولۇپ ، بىر يۇرۇش كىيىم، بىر لوقما غىزا ياكى بىرەر ئالى ماشىنا ياكى بىرەر ئىمارەت قاتارلىقلارغا ئىگە بولسىڭىز، بۇ نەرسىلەرنىڭ قىممىتى قانچىلىك؟ يەنە ئۇنىڭدىن باشقا نېمە بار؟ يەنى دۇنيادىكى ئەڭ باي بىلەن ئەڭ كەمبەغەلنىڭ پەرقى نېمە؟ دۇنيادىكى ئەڭ كەمبەغەل ئادەم گۆشسىز بىر پارچە نان يېسە، ئەڭ باي ئادەم گۆشلۈك نان يەيدۇ خالاس. ھەممە ئەھۋاللار مۇشۇنداق، يەنى ئۇنىڭدىن باشقا نېمە پەرق بار؟ ئۇنىڭ كىيىمى 500رىيال بولسا، بۇنىڭ كىيىمى 15رىيال؛ ئارىسىدا نېمە پەرق بار؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى مەن خىتتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدە ئىشلەنگەن 12-15 رىياللىق كىيىملەرنى كىيىۋاتىمەن. كىم 15 رىياللىق كىيىملەر بىلەن 500 رىياللىق كىيىمنىڭ پەرقىنى ئاجرىتىپ بېرەلەيدۇ؟ مەن ئايرىيالايمەن دەپ قىياس قىلىپ ئايرىپ باققىن! زادى ئىككىسىنىڭ پەرقى نېمە؟ بۇ ئاق رەڭلىك چىرايلىق، ئۇمۇ ئاق رەڭلىك كۆركەم چىرايلىق. بۇ باي گۆش يېيەلەيدۇ،

كېسەل ئاشقازىنى بولمىسا ئىچىملىك ئىچىدۇ، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدۇ . سىز نۇرغۇن مىليونېرلارنىڭ تاتلىق يېمەكلىكلەردىن مەھرۇم قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. چۈنكى، ئۇلاردا دىيابېت (قەنت سىيىش كېسىلى) بار. ئۇلارنىڭ گۆش مايدىن مەھرۇم قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز، ئۇلارنىڭ ئاشقازىنىدا ئاشقازان يارىسى بار. ئۇلار سۈت ئىچىشتىن مەھرۇم قېلىۋاتىدۇ.

خوش:- مىليونېر بولغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ ئۆز ھاياتىنى ئىش بىلەن ئۆتكۈزگۈچى بۇ بايلاردىن ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە ياخشى... ئافغانلارنىڭ نېنى قاچان خالىسا شۇ چاغدا كېلىدۇ، ئۇ لەززەت بىلەن يەيدۇ، ساپ بۇغداي نېنى، ئۇن، ياڭيۇ، گۈرۈچ بۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەر... ساپ بۇغداي نېنى، پىياز، تۇز ، ئۇ بۇلارنى مىزىلىك قىلىپ يەيدۇ، ئاندىن ئۇ : « جىمى ھەمدۇ سانا بىزنىڭ قورسىقىمىزنى تاماق بىلەن؛ ئۇسسۇزلىقىمىزنى سۇ بىلەن تويغۇزغان، بىزگە كۆپايە قىلغان، بىزنى ئورۇنلاشتۇرغان، اللەغا خاستۇر ... » دەپ خۇرسەنلىك بىلەن دۇئا قىلىدۇ. ئۇلاردىن قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ ئاشخانىسى ۋە تاماق ئېتىپ بەرگۈچىسى يوق ھە! بۇنىڭدىنمۇ چوڭ قايسى نېئمەت بار؟

تاماقلارنىڭ ھەممە تۈرى داستىخاندا تۇرۇپتۇ، بىر لوقما تاماق يېمەكچى بولسا، قۇرغاقلىق (كېسەللىك) سەۋەبىدىن مىڭ تەسلىكتە يۇتىدۇ! بەلكى، يېيىشكە قادىر بولالمايدۇ ياكى مەھرۇم قالىدۇ، ئۇ ھېچقانداق ھۇزۇرلانماستىن يەيدۇ، ھاياتىدا ھېچقانداق لەززەت بولمايدۇ، ھاياتىدا يىغلىقتا ئېرىشەلمەيدۇ.

بۇ ئىشلەپ يەيدىغان ئادەم ناھايىتى خۇشال، ئۇ ھەر كۈنى ئىشقا چىقىدۇ، بامدات نامىزىنى ئوقۇپ، ئاندىن ئىشقا بارىدۇ، كەچتە 10-20 رۇپىيە ئالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ: جىمى ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاغا خاستۇر دەيدۇ. ماۋۇ ئادەم بولسا بېخىللىق بىلەن شەيتان يولىغا ماڭىدۇ، تاپقان-تەرگىنىنى بانكىغا قويىدۇ؛ نېمە ئۈچۈن؟ پالانى شىركەتنى ئاچىدۇ، بالىلىرى ئۈچۈن بىنا سالىدۇ، يۇقىرىدىكى ئادەم بىلەن نېمە پەرقى بار؟ بازار ئۇنىڭ بارلىق پۇل-ماللىرىنى، تىجارەتلىرىنى، ئىمارەتلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۇنى تۈرمىگە سولاپ قويىدۇ، بۇ ئىشلەمچى بولسا كۆڭلى خوش غەمسىز. «ئى ئىمان ئېيتقان بەندىلىرىم! شەكسىزكى، مېنىڭ زېمىنىم كەڭرى، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» اللە سېنىڭ بىر كەنتتە تۇغۇلۇپ، شۇ كەنتتە ئۆلۈشنى پېشانەڭگە پۈتمۈەتكىنى يوق، اللەنىڭ زېمىنى كەڭرى؛ دۇنيا كەڭرى؛ «ھەممە جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر» گوياكى قۇرئان سىزگە مۇنداق دەۋاتقاندەك:- سەن نېمە ئۈچۈن بېخىل ؟ سەن

تىجارەتنى چىڭ تۇتۇپ ھەممىنى كونترول قىلغۇچى بىر ئاللەنى تەرك ئېتىسەن> «ھەممە جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر» ئەتە سەن تىجارەت قىلىدىغان زاۋۇتۇڭدىن، تىجارەت قىلىدىغان دۇكىنىڭدىن، خىزمىتىڭدىن ، ئەملىڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن، «ھەممە جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىسىلەر» ھېساب بېرىشنى كۈتۈۋاتىدۇ . (ئىمان ئېيتقان ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى... يەنى ھىجرەت قىلغانلارنى، ئىبادەتنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلارنى ئەلۋەتتە ئۇلارنى جەننەتتىكى ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرىمىز) (كىمكى ماڭا ئىمان ئېيتسا، مۇسۇلمان بولسا مەن ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە كېپىللىك قىلىمەن.)

« بىز ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتتىكى ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇرىمىز» ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ ئەجرى نېمە دېگەن ياخشى! بۇ كىملەر ئۇچۇن؟ چىداملىق بولغان، ئاللەغا تەۋەككۇل قىلغۇچىلار ئۇچۇندۇر. چۈنكى، ھىجرەت چىدامچانلىق بىلەن ئاللەغا تەۋەككۇل قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى ئامىلغا ئېھتىياجلىق.

شەك –شۈبھىسىزكى، ئاللە رىزىق بەرگۈچىدۇر، ھىجرەت بۇ ئىككى ئامىلغا تايىنىدۇ، ھەمدە بۇ ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ، ھىجرەتنىڭ جاپا-

مۇشەققەتلىرىگە چىدامچانلىق بېرىش، ساغلام نىسبەتەن ئۆزگىرىۋاتقان تۇرلۇك ئەھۋاللارغا بەرداشلىق بېرىش، اللەغا تەۋەككۇل قىلىش (بارلىق ئىشلىرىنى اللەغا تاپشۇرۇش)، شەك- شۈبھىسىزكى، اللە بەندىسىنى تاشلاپ قويمايدۇ.

مەن جالالىدىن ئافغانىيىنىڭ (اللەنىڭ ئافغانىستان مۇجاھىدلىرىغا جەڭ مەيدانىدا كۆرسەتكەن مۆجىزىلىرى) دېگەن كىتابىدىن بىر قانچە مۆجىزىلەرنى تونۇشتۇرماقچى بولۇپ ، ئۇنى كۆچۈرۈپ يازغان ئىدىم. ئۇ كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «بىزگە ھېچكىم يېقىن كېلەلمەيدىغان جەڭ دەھشەتلىك بولغان كۈندە بىز ھەممىمىز تاغ ئۈستىگە تۇپلاشقان ئىدۇق. بىر كۈنى بىزدە نان، تاماق، يېمەكلىك دەيدىغان نەرسىلەردىن ھېچ نەرسە قالمىدى. مەن بامدات نامىزىنى ئوقۇدۇم. بىر يىل ئوت ياقالمىدۇق. مۇناپىق پەسكەشلەرنىڭ بىزنى كۆرۈپ قېلىپ، بىزنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىمىزنى دۆلەتكە خەۋەر قىلىپ قويماسلىقى ئۈچۈن، توپتوغرا بىر يىل ئوت قالىمىدۇق، چۈنكى، ئىس-تۈتەك كۆتۈرۈلۈپ چىقسا، ئۇلار بۇ يەردە مۇجاھىدلارنىڭ بارلىقىنى بىلىپ قىلىپ، دۆلەتكە خەۋەر قىلىپ قويياتتى... تاغ چوققىسىدا تۇرغىلى بىر يىل بولغاندا، اللە بىزگە تۇمانىنى ھەيدەپ ئەكېلىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىز چاي قاينىتىپ ئىچتۇق، تاماق ئەتتۇق. چۈنكى، تۇمان

ئىس-تۈتەكلەرنى يۆگەپ ئوت قالىغانلىقىمىز بىلىنىپ قالمايتتى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ : بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ ، جاينامازدا غەمكىن ئولتۇرۇپ، مۇجاھىدلارنى تاماق بىلەن قانداق تەمىنلەشنى، ئوزۇقلۇقلارنى قەيەردىن ئەكېلىشنى ئويلاۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز بىرسىنىڭ ئۈنلۈك ئاۋازدا مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم «ئەي جالالىدىن! سەن الله يولىدا جىھاد قىلساڭ، پەرۋەردىگارىڭ سېنى رىزىقسىز تاشلاپ قويارمۇ؟ پالانى دەرەخنىڭ يېنىغا بارغىن! ئۇ يەردە قۇربانلىقلارنى تاپىسەن» ئۇ مۇنداق دەيدۇ: الله بىلەن قەسەمكى، ئەتراپىمدا ھېچكىم يوق ئىدى، شۇ كۈنى مۇجاھىدلارنىڭ ھېچقانداق شەپىسىمۇ يوق ئىدى، ئادەملەرنىڭ بىرسى ھېلىقى قۇربانلىقلارنى بىزنىڭ يېنىمىزغا ھەيدەپ كەلدى مۇجاھىدلار ئۇنى بوغۇزلاپ، مەن جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرۇۋاتقاندا، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن خىتاب قىلىپ ماڭدى؛ كۆرسىتىلگەن دەرەخكە ئېسىپ قويدى.

ھۆرمەتلىك قېرىندىشىم!

كاپىرلارغا رىزىق بېرىۋاتقان پەرۋەردىگارىڭ سېنى ئۇنتۇپ قالارمۇ ؟ پاك الله سېنى تاشلاپ قويارمۇ؟ ئۇنىڭ دەرگاھىدا ئاسمان زېمىنلارنىڭ خەزىنىسى بولۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن كاپىرلارنى تەمىنلەۋاتقان الله، سەندەك چىدامچان مۇجاھىدنى تاشلاپ قويارمۇ؟

شۇنداق، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا مۇجاھىدلار ئايرىلىپ قالىدۇ، مۇھاسىرە قىلىنىپ ئوزۇق-تۈلۈك، تەمىنات، ئەشيالاردىن ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇجاھىدلار ئاللاغا دۇئا قىلىپ ئۆزلىرىنى ئوزۇقلاندۇرۇشنى تىلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، دۇشمەننىنىڭ تىك ئۇچار ئايروپىلانلىرىنى ھەيدىگۈزۈپ كاپىرلارغا يېمەكلىك، قورال-ياراق تاشلاتقۇزىدۇ. ئاندىن ئاللاھ دەرھال شامالغا بۇيرۇق قىلىپ دۇشمەنلەرگە تاشلاتقۇزغان نەرسىلەرنى كۈچلۈك شامال بىلەن يۆتكەپ مۇسۇلمانلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

شۇنداق بىرخىل ئەھۋاللار ئىنتايىن كۆپ، ماڭا قېرىنداشلىرىمنىڭ بىرى مۇنداق سۆزلەپ بەردى:- بىز (لاۋگەردە) ئىدۇق. يەيدىغان نەرسىلەر تۈگەپ كېتىپ، ئىككى ئۈچ كۈن ئاچ قالدۇق، شۇنىڭ بىلەن بەزى ئۆيلەرگە كىرىپ، ئۇلاردىن يېمەكلىك تەلەپ قىلغان ئىدۇق. ئۇلار بىزگە يېمەكلىك بېرىشنى رەت قىلدى. چۈنكى، ئۇلار بىزنىڭ دۆلەت تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن جاسۇس بولۇپ قېلىشىمىزدىن قورقاتتى. يەنى، بىزنىڭ ئۇلارنى مۇجاھىدلارغا تاماق بېرەمدۇ يوق، ئېنىقلىشىمىزدىن قورقاتتى. ئەمەلىيەتتە دۆلەت بىر قىسىم ئادەملەرنى جاسۇس قىلىپ ئەۋەتىپ، مەن مۇجاھىد ماڭا تاماق بېرىڭلار دېگىلى سېلىپ ئۇلارغا تاماق بېرىپ قويسا، دۆلەت ئۇنى

تۇرمىگە سالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىزنىڭ دۆلەتنىڭ ئادەملىرى بولۇپ قېلىشىمىزدىن ئەنسىرەيتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىزگە تاماق بەرمىدى، يەنە بىر كۈن ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇجاھىدلار: بىزدە قورال بولغاندىن كېيىن قورال كۈچى بىلەن ئائايلى دېيىشتى. لېكىن، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ مال-مۈلكىدىن ئۇلارنىڭ رازىلىقىسىز بىر لوقما يېيىشنى ياخشى كۆرمەيمىز. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز نائىلاج ئاچ قايتتۇق. زېمىن قار بىلەن قاپلانغان ئىدى، ئەتراپنى قېلىن قار قاپلاپ كەتكەن ئىدى. بىز قاردا كېتىۋاتقان ئىدۇق. تۇيۇقسىز قار ئۈستىدە بىر خالتا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدۇق. ئۇنى ئېچىپ قارىساق يىگىرمە كىلو ئەتراپىدا گۆش بار ئىكەن. بۇ يەردە ئادەمنىڭ ياكى ھايۋاننىڭ ئىزى يوق ئىدى بۇ گۆش قەيەردىن كېلىپ قالدى؟ قار ئۈستىگە ئاللەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. ئۇنداق بولمىسا قەيەردىن كەلمەكچى ئىدى؟! گۆش سالغان خالتا قار ئۈستىگە ھازىرلا قويۇپ قويغاندەك قىلاتتى، ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: بىز بۇ گۆشنى «لەۋگەر»دىن جاجىغا كەلگۈچە يېدۇق . بىز چوڭ بىر جامائەت ئىدۇق. قېلىپ قالغان گۆش بىلەن ئادەملەرنى ئوزۇقلاندۇردۇق، گۆش يەنە ئېشىپ قالغان بولۇپ ، ئۇنى ئۆيلىرىمىزگە ئېلىپ كېلىپ، ئۆيدىكى ئادەملەرگە يېگۈزدۇق. «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

ۋاپات بولغاندا بىزنىڭ يېنىمىزدا بىر نەچچە ئۇچۇم ئارپىدىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن ئوزۇقلاندىم . ئۇ كېمىيىپ قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئۆلچەپ باققان ئىدىم ئاندىن تۈگەپ كەتتى» يېنەكچىمىز ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆلچىگىلى باشلىغاندا تۈگەپ كەتتى. سىلەر ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خالتىسىنى بىلەمسىلەر؟ تۇلۇمنى بىلەمسىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر نەچچە خورمىنى سىلىپ بەرىكەت دۇئاسى ئوقۇپ، ئى ئەبۇ ھۇرەيرە ! ھەرقانداق ۋاقىتتا كەلسەڭ، ئۇنىڭدىن يېگىن دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ ھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن تارتىپ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىگىچە شۇ تۇلۇم (خالتىدىكى) خورمىنى يەپ تۇردى. شۇنداق، ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا قولىنى خالتىغا سوزسا ئۇنىڭدىن خورما چىقاتتى، ئۇنى يەيتتى، تەخمىنەن 15-20يىل ئەتراپىدا شۇنداق بولدى؛ مەن ئۇنىڭدىن تەخمىنەن 118تونىنا ياكى 120 توننا مىقداردا خورما يېدىم ئەمەلىي مىقدارىنى الله ئۆزى بىلىدۇ، مەن سىلەرگە شۇنىلا كۆرسىتىپ بېرەلەيمەن. ئەڭ مۇھىمى ئۇ 20 يىل شۇ خالتىدىكى خورمىدىن يېدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقىتتا ھېلىقى خالتا ئۆزلۈكىدىن يوقاپ كەتتى. بۇنىڭغا ئەبۇ ھۇرەيرە ئىنتايىن قايغۇرۇپ يىغلاپ تۇرۇپ ئادەملەرگە غەم قايغۇ

بولۇۋاتىدۇ ، مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا غەمناك بولۇۋاتىمەن، خالتا يوقاپ كەتتى. ئوسمان ئۆلتۈرۈلدى. بەركەت يوقالدى، بەركەت يوقالغانلىقنىڭ ئالامىتى: ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى، خالتىنىڭ يوقاپ كېتىشى، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك ئۈزۈكى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە ئەدىيس قۇدۇقىغا چۈشۈپ كېتىپ يوقالغانلىقى، ئادەملەرنىڭ ئۇنى ئىزدەپ قۇدۇقنىڭ سۈيىنى چىقىرىۋېتىپ؛ ئىزدىگەن بولسىمۇ ... ئۈزۈك يوقالدى... بۇلار بەركەت يوقالغانلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

قورقما! ئەنسىرىمە! ئىبنى تەيمىيە بەركەتنىڭ يەنىلا اللەنىڭ ياخشى بەندىلىرىگە بارلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن ئەمەلىي پاكىتلارنى سۆزلەيدۇ، (ئىبنى تەيمىيەسوپى ئەمەس) ئۇنىڭ ئەقىدىسى ساپتۇر. مەن ئۇنىڭ «اللەنىڭ دوستلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق» دېگەن كىتابىغا ئەقىدە قىلىمەن. ئۇنىڭدا مۇنداق ئاجايىپ بىر ۋەقە نەقىل قىلىنغان. تەيمىيەلىك بىر ياخشى ئادەم باللىرى ئۈچۈن ئوزۇقلۇق ئىزدەپ چىقىپ ھېچ نەرسە تاپالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىگە : مەن ئەمدى ئەھلىمگە قۇرۇق قول قايتىدىغان بولدۇم دەيدۇ، ئاندىن يەرگە چۈشۈپ باللىرىم كۆرسە مېنى بىر نەرسە ئالغاچ كەپتۇ دېسۇن دەپ بىر خالتىغا قىزىل توپا ئېلىپ ئۆيىگە قايتىدۇ، ئۇ ئۆيگە قايتىپ

كەلگەندە خالتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋىدى ئۇنىڭدا لىپمۇلىق بۇغداي تۇرغىدەك؛ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇ بۇغداينىڭ بىر قىسمىنى تېرىغان ئىدىم، بۇغدايلارنىڭ ھەممىسى تولۇق ئۈنۈپ چىقتى... سەن ئاچ قالمەن دەپ قورقۇۋاتامسەن؟ ئىنتقا ئەخلەت، يۇندى دۆۋىسى ئۈستىدىن ئوزۇقلۇق بېرىۋاتقان رەببىڭ، سەندەك ياخشى مۇسۇلماننى ئاچ قويارمۇ؟

